بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى

بىلىمگەننى بىلقۇتتىن بىل!

# ياغاچ ئات

# 木马

Yaghach at



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى
新疆电子音像出版社

تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن 教与学

بىلىمگەننى بىلقۇتتىن بىل!

# ياغاچ ئات

# 木马

Yaghach at

| | | |
|---|---|---|
| 01. ئادىل پادىشاھ | 11. خېمىر باتۇر | 21. تۇردى ماقۇلنىڭ قىزلىرى |
| 02. گۈزەللىك بۇلىقى | 12. خۇرشىد مەرگەن | 22. يامان تەربىيەنىڭ ئاقىۋېتى |
| 03. ئەقىل ۋە مىراس | 13. قارا چاچلىق قىز | 23. خاسىيەتلىك گۈل |
| 04. گول چامغۇرۋاي | 14. قوڭغۇز ئاغچا | 24. بۆلۈنگەننى بۆرە يەر |
| 05. ئىككى ھۆرۈن | 15. ياغاچ ئات | 25. ھېكمەتلىك ساندۇق |
| 06. مەلىكە بەرنا | 16. يېرىل تېشىم | 26. ئېيىقچاقنىڭ مېھمان چاقىرىشى |
| 07. مونۇكباي | 17. ھۆنەرنىڭ ھېكمىتى | 27. شاھزادە بىلەن بېلىق |
| 08. ئۈچ ئوغۇل | 18. پاتىمە بىلەن زۆھرە | 28. قىز كىمگە تەئەللۇق |
| 09. ئۇر توقماق | 19. خاسىيەتلىك بۇلاق | 29. ياخشىلىق يەردە قالماس |
| 10. ۋاپادار ئاكا | 20. ۋىجدانلىق يىگىت | 30. ياخشى نىيەت بەختكە ھەمراھ |

شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى 新疆碧利库特公司开发

ISBN 978-7-900511-10-2

باھاسى: 240.00 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)
价格：240.00 元（共 30 种类，单价 8.00 元）

# 教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

بىلمىگەننى بىلگۈچتىن بىل!

ياغاچ ئات

木马

Yaghach at

تەجرىبىلىك ئاتا-ئانىلار پەرزەنت تەربىيەلەشتە ئەجدادلاردىن قالغان ھاياتىي ھېكمەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى؛ راۋان تىل، قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ بالىلارنىڭ قەلبىگە تېزلا ئورنىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك دەسمايىسىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. «بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى»گە خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدىكى ھاياتىي كۈچكە تولغان چۆچەكلەر بالىلارچە ساددا ۋە چۈچۈك تىلدا پىششىقلىنىپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ چۆچەكلەردە باتۇرلار ئالقىشلىنىپ، ئەقىل ئىشلىتىش، تەدبىرلىك بولۇش، ئىلىم-پەن، ھۈنەر ئۆگىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، ئاقكۆڭۈل، سەممىي، ۋاپادار بولۇش، تەبىئەت ۋە ھايۋاناتلارنى سۆيۈش، ئۇلارنى قەدىرلەش تەكىتلىنىپ، چېۋەر، ئىللىق، خۇشپىچىم بولۇشتەك ئالىيجاناب روھ مەدھىيەلىنىدۇ.

شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى
新疆碧利库特公司开发

بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى

# ياغاچ ئات

# 木马

Yaghach at



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى
新 疆 电 子 音 像 出 版 社

www.uyghurkitap.com

书　　名　儿童故事
编　　写　碧利库特公
责任编辑　古丽巴哈尔，牙里坤·肉孜
责任校对　克尤木·吐尔逊
设　　计　艾尼瓦尔·吐尔逊,伊尔夏提(书法家),伊利亚尔(画家)
　　　　　马合木提江(画家)
出　　版　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　850×1168mm　1/32
印　　张　2.5
版　　次　2010年8月第1版
印　　次　2010年8月第1次印刷
书　　号　ISBN　978－7－900511－10－2
定　　价　240元（共30种类，单价8.00元）

# نەشرىياتتىن

ھەرقايسىمىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ بوۋا - مومىمىز ۋە ئاتا - ئانىمىز ئېيتىپ بەرگەن ساماۋى چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن يېتەرلىك روھىي ئوزۇق ۋە تەربىيە ئېلىپ چوڭ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن باللارنى تەربىيىلەشتە، ئۇلارنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، قائىدە - يوسۇنلۇق چوڭ قىلىشتا، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا چۆچەكتەك ئەپچىل ۋە قوللىنىشچان ئۈنۈملۈك ۋاستە بولمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىزدە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى چۆچەك ئاڭلاشنى ۋە ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باللارغا ئائىت كىتاب ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى نەشر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بىلقۇت ئېلېكترون پەن-تېخنىكىسى شىركىتى خەلقىمىزنىڭ چۆچەككە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، پەرزەنتلەرنىڭ خەلقىمىز ياراتقان چۆچەك خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە، «بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابچىلارنى تەييارلاپ باللارغا سۇندى. بۇ كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى خەزىنىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان

چۆچەكلەردىن تاللىنىپ، ئۇلارنى باللارنىڭ تىلىغا ئـايلاندۇرۇپ بىـر قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەشتىـن ئۆتكۈزۈش ئـارقىلىـق بارلىققا كەلگـەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە پايدىلىنـىشىغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«بـىلقۇت بـاللار چۆچـەكلىرى» ـــ چۆچەكلەرنـىڭ مەزمـۇنـى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم رەتلەنگەن بولۇپ، هەر بىر چۆچەك مۆھتەرەم بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئامراق نەۋرىسى بـىلقۇتـجاننىـڭ قىسقـا ـ قىسقا دىئالوگلىرى ئارقـىلىق بـىر ـ بىرىـگە باغلـىنىپ، بـىر پۈتۈن گـەۋدە هاسىل قىلىدۇ. چۆچەكلەرنـىڭ تىلى چـۈچۈك، راۋان ۋە يېقـىملىـق بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقـان پەرزەنتلـەرنىڭ ئوقـۇشىغا تـولىمۇ بـاب كېـلىدۇ. بىـز بۇ بىـر يـۈرۈش كىتـابـنى پەرزەنـتلىرـىنى ياراملـىق تەربىيىلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئاتا ـ ئـانىلارغا ۋە بـىلىمـگە تەشنـا پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

# مۇندەرىجە


ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى ........................ 1

ھۈنەر تۈگىمەس بايلىق ........................ 3

ھۈنىرى يوقنىڭ جېنى يوق ........................ 10

ياغاچ ئات ........................ 17

ھۈنەر پۈتمەس گۆھەر ........................ 47

قىرىق ھۈنەر ھۈنەر ئەمەس، ئەسلىي ھۈنەر چويلىچىلىق ... 53

ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى ........................ 59

ئالتۇن ۋە قەلەم ........................ 63

ئالتۇننىڭ تەسىرىدە ........................ 65

ئۇستازنىڭ ھىيلىسى ........................ 73

www.uyghurkitap.com

# ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى

ھۈنەر خۇددى ئاش ۋە نانغا ئوخشاش ئادەمگە كۈندە كېرەك. شۇڭا ھەر بىر كىشى چوقۇم ئۆمرىدە ھۈنەر ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ھۈنەر ئارقىلىق روناق تېپىشقا ئىنتىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بېشىغا كۈن چۈشكەندە، قىيىن ئىشلارغا يولۇققاندا ئوڭايلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدۇ. مەلۇم بىر ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ قىلالىغان ئادەم ھەرقانداق جايغا بارسا ئۆزىگە مۇناسىپ ئىش تاپالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن قورسىقى تويغۇدەك تاماققا، بويى ئىسسىغۇدەك كىيىمگە ۋە بېشىنى تىققۇدەك ئۆيگە ئىگە بولالايدۇ. مانا بۇ بىرەر ئىشنى بىلگەن، ھۈنەر ئۆگەنگەن كىشىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئېرىشىدىغان مەرتىۋىسى ھېسابلىنىدۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي نەۋرىسى بىلقۇتجانغا ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى، كىشىلەرنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە قانداق يېتەكلەش قاتارلىق مەسىلىلەردە تونۇشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. شۇڭا، بىلقۇتجانغا ھۈنەرگە مۇناسىۋەتلىك چۆچەكلەرنى داۋاملىق ئېيـ-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى.

— جېنىم بالام! — دېدى بوۋاي بوگون بىلقۇتجاننى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، — مېنىڭ ھۈنەر ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىمدىن نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭ؟

بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ مۇشۇنداق سوئالنى سورايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدىغاندەك:

— جېنىم بوۋا! — دېدى تەمكىنلىك بىلەن، — مەن ھۈنەر ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتى ھەققىدىكى سۆزلىرىڭىزنى، نەسىھەتلىرىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەلبىمدە چوڭ بولغۇچە بىرەر ھۈنەرنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىش ۋە بىرنەچچە ھۈنەرنى ئاز - تولا ئۆگىنىپ قويۇش ئىستىكى جۇش ئۇرغان ئىدى. ھازىرمۇ بۇ قىزغىنلىقىم ئازراقمۇ پەسىيىپ قالغىنى يوق. مەن چوقۇم بۇ ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن...

بوۋاي بېشى كۆككە يەتكەندەك خۇشال بولۇپ:

— شۇنداقمۇ؟ ئەمدى مېنىڭ نەۋرەمگە ئوخشاپسەن. مۇشۇ يېقىملىق گېپىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرىمەن، قۇلاق سېلىپ ئاڭلا! — دېدى.

بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇردى.



# ھۈنەر تۈگىمەس بايلىق

قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ دىلدار ئىسىملىك يالغۇز قىزى بار ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدىغىنى قىزىنى دۆلەت ئىشلىرىدىن خەۋىرى بار، ئوقۇمۇشلۇق بىرەر كىشىگە ياتلىق قىلىپ، خاتىرجەم بولۇش ئىكەن.

پادىشاھ بۇ ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن دىلدارنى كىچىكىدىنلا داڭلىق ئۇستازلارنىڭ قولىدا ئوقۇتۇپتۇ. دىلدار بويىغا يەتكەندە بىلىمدە كامالەتكە يېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەلىكە دىلدار تەڭداشسىز ساھىبجامال بولغاچقا، ئۇنىڭ نامى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، نۇرغۇن شەھەرلەرگە بېرىپ يېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا كاتتا بىر مەملىكەت پادىشاھىنىڭ ئوغلىدىن ئەلچى كەپتۇ. پادىشاھ كەلگەن ئەلچىدىن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ناھايىتى خۇشال بولۇپ، قىزى دىلدارنىڭ قېشىغا كىشى كىرگۈزۈپتۇ. دىلدار كىرگەن كىشىدىن:



— ئۇ يىگىتنىڭ نېمە ھۈنىرى بار ئىكەن؟ — دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سوراپتۇ. ئۇ كىشى ھەيران بولۇپ:

— ھۆرمەتلىك مەلىكەم، سىلىگە ئەلچى ئەۋەتكەن يىگىت كاتتا بىر ئەل پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى، تەخت ۋارىسى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنداقتىمۇ مەلىكە يەنە:

— ئۇنداقتا ئۇ يىگىت لايىقىم ئەمەسكەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئاچچىقلىنىپ يەنە بىر قانچە نۆۋەت كىشى كىرگۈزۈپتۇ. مەلىكە يەنىلا ماقۇل بولماپتۇ. ئانىسى كىرىپ ئەھۋالنى بىرمۇبىر ئېيتقانىكەن. بۇنىڭغىمۇ ھىچ كۆنمەپتۇ. پادىشاھ ئامالسىز ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

ئارىدىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. دىلدار قىزنىڭ ئالدىغا نى ـ نى شەھەرلەردىن ئەلچىلەر كەلسىمۇ، ئۇ يەنىلا «ھۈنىرى بارمىكەن؟» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ كەلگەنلەرنى يولغا ساپتۇ، بىر كۈنى پادىشاھ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ قىزىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ:

— ئەي قىزىم، — دەپتۇ پادىشاھ، — سىزگە پۇل دېسە پۇلى، مال ـ دۇنيا دېسە مال ـ دۇنياسى بار ئېسىل يىگىتلەردىن ئەلچى كەلدى. نېمىشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ھۈنىرى بارمىكەن؟» دەپ يولغا سالىسىز؟ سىزنىڭ ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلىكىڭىز، ئەقىل ـ پاراسەتلىكلىكىڭىز جاھانغا مەشھۇر، لېكىن ئۆمۈرلۈك ئىشىڭىزغا كەلگەندە نېمانچە



ئەقىلسىزلىك قىلىدىغانسىز؟

دىلدار دادىسىغا سەمىمىيلىك بىلەن:

— ئەي ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، سىز شانۇ شەۋكەتتە شۇنداق كاتتا، شۇنداقلا ماڭا ئاتا بولسىڭىزمۇ، ئەمما بىر ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدىكەنسىز. مال - دۇنيا، ۋەج - ئوقەت ۋاقىتلىق نەرسە، بەربىر تۈگەيدۇ. بىلىم، ھۈنەر - كەسىپ بولسا زامان - زامانلارغىچە ئۆز ئىگىسىگە ھەمراھتۇر، بەخت - سائادەت كەلتۈرگۈچى ئەڭ قىممەتلىك تۈگىمەس بايلىقتۇر. شۇڭا مەن ئۆز لايىقىمنى بىرەر ھۈنەرۋەن، كەسىپ ئىگىسىدىن تاللىماقچىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ قاتتىق ھار ئېلىپ، قىزىنى دىگىنىگە تويغۇزماقچى بوپتۇ. ئۇ ئوردىدىكىلەردىن:

— ھۈنەر - كەسىپ ئىچىدە قايسى ھۈنەر ئەڭ چاكىنا ھەم پەستۇر؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوردىدىكىلەردىن بىرى: «توقۇم تىكىش ئەڭ چاكىنا ۋە مەينەت ھۈنەردۇر» دەپتۇ. پادىشاھ كەچتە نۆكەرلىرىگە شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر كوچىدىن توقۇم تىكىۋاتقان كىيىملىرى كونا، چىرايىنى تەمرەتكە بېسىپ كەتكەن بىر ئۇستامنى تاپتۇرۇپ كەپتۇ. پادىشاھ قىزىدىن سۆز ئالمايلا:



— مەن پىكىرىڭىز بويىچە سىزنى بۇ ھۈنەرۋەنگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چېتىپ قويدۇم. ھازىرلا بۇ شەھەردىن كېتىپ، ئۆز كۈنۈڭلارنى ئېلىڭلار. «ھۈنىرىڭلار» نىڭ قەدرىگە يېتىڭلار، مېنىڭ ئەمدى سىزدەك قىزىم يوق، ــــ دەپ يولغا سېلىپتۇ.

دىلدار توقۇمچى بىلەن يىراق بىر يېزىغا بېرىپ، بىر كەپە ياساپ ئولتۇرۇپتۇ. ئېرى توقۇم توقۇپ سېتىپ تاپقان پۇلغا ئاش ـ ئوزۇق، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىپتۇ. ئېرىنىڭ يۈزىدىكى تەمرەتكە يوقاپ، چىرايىغا قان يۈگۈ- رۈپ، بەستلىك بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ جەڭدە قانچە ئېلىشىپمۇ يېڭە- لمەي قېلىپ، جېنىنى ئارانلا ئېلىپ يىراق جاڭگالغا قېچىپ كې- تىپتۇ. ئۇ قېچىپ يۈرۈپ جېنى ئۈمىشۇقىغا يەتكەندە باغۇ بوستانـ- لىق بىر قورۇغا يولۇقۇپتۇ. ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، نېمە قىلارى- نى بىلمەي بىردەم تۇرۇپتۇ ـ دە، نائىلاج تەۋەككۇل دەپ ھويلىغا كىرىپتۇ. قارىسا بىر كىشى توقۇم توقۇۋاتقۇدەك، يۈزىگە چۈمبەل ئورىۋالغان بىر مەزلۇم كىشى يىپ ئېشىۋاتقۇدەك، بۇ دەل مەلىكە دىلدار ۋە ئۇنىڭ توقۇمچى ئېرى ئىكەن.

پادىشاھ ئەيمەنگەن ھالدا ئۆزىنىڭ بىر يولۇچى ئىكەنلىكىنى، يەيدىغان ئو- زۇقى تۈگەپ بۇ يەرگە پاناھ تىلەپ كىرگەنلىكىنى ئېيتـ- تىپتۇ. توقۇمچى يىگىت بىـ-



لەن دىلدار ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ، ئالدىغا مەزە قويۇپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. بۇ چاغدا دىلدار شاھ دادىسىنى تونۇپتۇ ھەم ئۇنى راست سۆزلەشكە ئۈندەپتۇ. پادىشاھ نائىلاج بولغان ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپتۇ. ئاخىرىدا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆ ـ كۈلۈپ بۇ ئىككى ئەر ـ خوتۇنغا قاراپ:

ــ مېنىڭ دىلدار ئىسىملىك ناھايىتى ئەقىللىق بىر قىزىم بار ئىدى. بىر نەچچە يىل بۇرۇن مەن ئۇنى بىر ھۈنەرۋەنگە بېرىپ شەھەردىن ھەيدىۋەتكەنىدىم، ئۇ دائىم: «پۇل، مال ـ دۇنيا دېگەن ھامان تۈگەيدۇ، مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان بايلىق ــ بىلىم، ھۈنەر ـ دۇر» دەيتتى. سىلەر بىر ئەھلى ھۈنەرۋەن ئىكەنسىلەر، بىر ئۇبدان روزغارىڭلارنى كۆرۈپ قىزىمنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدىم، ــ دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا دىلدار يۈزىدىكى چۈمبىلىنى ئۆرۈپ:

ــ دادا...! قىزىڭىز دىلدار مەن بولىمەن، ــ دېگەنىكەن، پا ـ دىشاھ تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، قىزىنى باغرىغا بېسىپتۇ. ئۆزىـ ـنىڭ بۇرۇن ھەقىقەتەن خاتا قىلغانلىقىنى، ئەمدى «ھۈنەر تۈگىـ ـمەس بايلىق» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقەتلىكىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.



دىلدار بىلەن ئېرى شۇنىڭدىن كېيىن گۈلدەك ھۈنىرىنىڭ خاسىيىتى بىـ ـلەن قېرىپ، يېشى بىر يەر ـ گە بېرىپ قالغان شاھ دادى ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىنىڭ هالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ بىللە هايات كەچۈرۈپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك هاياجانلىنىپ كەتتىكى، ئۆزىنى زادىلا بېسىۋالالماي قالدى.

— بوۋا، قارىغاندا هۈنەر بەك خاسىيەتلىك ئوخشايدۇ ـ هە؟! — دېدى ئۇ شوخلۇق بىلەن.

مۆهتەرەم بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دې-دى:

— يۇقىرىقى چۆچەكتە پادىشاهنىڭ قىزى دىلدار هەرقانچە چوڭ باي، بەگزادە، شاهزادە بولسىمۇ هەممىسىنى «هۈنىرى يوق-كەن» دېگەن باهانە بىلەن ياراتمايدۇ. ئاخىر ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۆچ ئېلىشى بىلەن توقۇم تىككۈچىگە ياتلىق بولىدۇ، ئەمما ئاخىردا يەنىلا هۈنەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن قەددىنى رۇسلاپ ياخشى كۈنگە ئېرىشىدۇ. هۈنەرنىڭ خاسىيىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. ئەي قەدىر-لىك بالام! شۇنى يادىڭدا چىڭ تۇتقىنكى، قولىدىن هېچنېمە كەل-مەيدىغان، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەسلى ـ نەسەبىگە تايىنىپ ماختىنىپ يۈرىدىغان، پۇل ـ مېلىنىڭ كۆپلۈكىدىن مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان



ئادەم بولسا، سېپى ئۆزىدىن نادان ۋە قارا قورساق هېساب-لىنىدۇ. چۈنكى، مەرتىۋە ـ مەنسەپ، پۇل ـ مال بىر كۈ-نى بولمىسا بىر كۈنى قول-دىن كېتىشى مۇمكىن. ئەم-

ما ئىلىم ۋە ھۈنەر ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ قولدىن كەتمەي-
دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۈنەرسىز كىشىلەر ئەڭ ئاخىردا ھەسرەت -
نادامەت ئىچىدە سەرسان بولىدۇ. بالام، ھۈنەرنى ھەرقانداق ۋاقىت-
تا ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويۇش ھەممى-
دىن مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈن سەنمۇ بۇ ئۆمرۈڭدە بىرەر ھۈنەرنى
چىڭ تۇتۇپ ئۆگەن، ئاندىن باشقا ھۈنەرلەرنىمۇ ئاز - تولا بول-
سىمۇ ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشقىن.

— ماقۇل بوۋا، چوقۇم دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن!

— ئەمدى يەنە بىر ياخشى چۆچەك يادىمغا يېتىپ قالدى. بۇ-
نىمۇ ئېيتىپ بېرەي، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ۋە ۋەزمىن ئا-
ھاڭدا سۆزلەشكە باشلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ھۈنىرى يوقنىڭ جېنى يوق

قەدىمكى زاماندا، يىراق بىر ماكاندا بىر شەھەر بار ئىكەن. بۇ شەھەرگە ئابدۇلئەزىزخان ئىسىملىك بىر كىشى پادىشاھ ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى ئابدۇلقادىرخان، كىچىكىنىڭ ئىسمى ئابدۇلۋارىسخان ئىكەن. كىچىك شەھەردىن توقسان توققۇزى، سەھرا بازىرىدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇزى بۇ پادىشاھنىڭ ئاغزىغا قارايدىكەن. ياۋاشقا زۇلۇم سالماسلىق، يامانغا رەھىم قىلماسلىق ئابدۇلئەزىزخاننىڭ ئەل سوراشتىكى مىزانى ئىكەن. پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالاپ، ئەدلى ـ ئادالەت ئورنىتىش، ئوغرى ـ قاراقچىلارنى زىندانغا تاشلاپ ئەلنى تىنچىتىش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، چۆللەرنى گۈلزارلىققا ئايلاندۇرۇش، ئادەم ياشىغانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە مەكتەپ ئاچقۇزۇپ بالىلارنى ئوقۇتۇش، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىنىتىپ موھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئەلنىڭ ئاغزىنى ئاشقا، ئېغىلىنى مالغا، يانچۇقىنى پۇلغا تولدۇرۇپ، باياشات



قىلىش ئۇنىڭ دائىملىق ئىشى ئىكەن. شۇڭا، پۇقرالار ئۇنىڭدىن بەكمۇ مىننەتدار ئىكەن.

بىر كۈنى ئابدۇلئەزىزخان چوڭ ئوغلىنى ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ، كىچىك ئوغلىنى باشقا بىر شەھەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپتۇ.

چوڭ شاھزادە ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ يۈرگەن بولسىمۇ، دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا قىلچە قىزىقماپتۇ. ھەر كۈنى سىرتقا چىقىپ، ئالدى بىلەن تۆمۈرچىلىك كوچىسىغا بېرىپ قايىنام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىنى بىر دەم كۆرىدىكەن ـ دە، ئاستا كېتىپ قالىدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شاھزادە شەھەرنىڭ بۇلۇڭ كوچىلىرىدىكى ئەسكى ئىشلارغا ئۆگىنىپ قاپتۇ. ئابدۇلئەزىزخان شاھزادىنىڭ يامان يولغا كىرىپ قالغىنىنى بىلمەيدىكەن. بىلىدىغانلار ئېيتىپ قويۇشتىن قورقىدىكەن.

كۈنلەر، ئاي ـ يىللار ئۆتۈپ، ئابدۇلئەزىزخان ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن، شاھلىق چوڭ شاھزادىگە مىراس قاپتۇ، ئوردا ئەھلىدىن ئۇلۇغ ـ ئۇششاق پۇقراغىچە ھەممىسى يېڭى شاھنى قىزغىن مۇبارەكلىشىپتۇ.



ئۇزاق ئۆتمەي كىچىك شاھزادە ئوقۇشىنى تاماملاپ ئاكىسىنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش مەقسىتىدە كېلىپتۇ، ئەمما ئابدۇلقادىرخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نەچچە ئاي جەريانىدا ئىنىسىدىن بىرەر قېتىممۇ مەسلىھەت سو-رىماپتۇ. كۈننى كەيپ ـ ساپا بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. مەملىكەتتە ئەدلى ـ ئادالەت ئازىيىشقا باشلاپتۇ. چوڭ ـ كىچىك مەنسەپدارلار دېگۈدەك خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا كۆنۈپ كېتىپتۇ. ئوغرى ـ قىمارۋاز، بەڭگى ـ قاراقچىلار قۇتراپ ئەلگە ئامانلىق بەرمەپتۇ.

چىداپ تۇرالمىغان خەلق تەرەپ ـ تەرەپتىن غوۋغا كۆتۈرۈپ-تۇ. ئابدۇلقادىرخان كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپال-ماي قاپتۇ ـ دە، شاھلىقنى ئىنىسى ئابدۇلۋارىسخانغا ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ.

ئابدۇلۋارىسخان پادىشاھ بولغان كۈندىن باشلاپ، مەرھۇم دادىسىنىڭ شاھلىق ئىشلىرىغا چىن ئىخلاسى بىلەن ۋارىسلىق قىلىپ، غوۋغانى تىنچىتىپتۇ. ئەل كۆڭلى خاتىرجەم بولغانسې-رى، ئابدۇلقادىرخاننىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى پاش بولۇپ، ئۇ-نىڭ ئەل ئىچىدە يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك يېرى قالماپتۇ. ئۇ ئاخىر شەھەرنى تاشلاپ باشقا ئەلگە كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئىنىسىدىن مىراس تەلەپ قىپتۇ. ئىنىسى دادىسىدىن قالغان ۋەج ـ دۇنياسىنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىر ئۈلۈشنى ئاكىسىغا بېرىپتۇ.



ئابدۇلقادىرخان يېرىم ئاي يول يۈرگەندىن كېيىن، قوشنا ئەلنىڭ كىچىكرەك بىر شەھىرىگە يېتىپ كەپ-تۇ. بۇ شەھەر ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قاپتۇ ـ

دە، ئىككى ئىبغىز ئۆي سېتىۋېلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپ- تۇ. بىكار يېتىپ، بۇزۇپ خەجلىگەچكە، ئېلىپ كەلگەن مال - دۇنياسى ئالتە ئاي بولار - بولمايلا پاك - پاكىز تۈگەپتۇ. ئىككى ئىبغىز ئۆينى سېتىپ پۇلىغا ئوزۇق، كۆكتات سېتىۋېلىپ، بىرەر يىلغىچە جان ساقلاپتۇ، ئۇنىڭ تۆت بالىسى كۈن بويى «ئانا قور- سىقىم ئاچتى» دەپ يىغلايدىغان بوپتۇ. خوتۇنى: «هوي ئادەم، بىر ئىلاج قىلايلى» دەيدىكەن.

ئابدۇلقادىرخان هېچ ئامال تاپالماي، كوچىغا چىقىپتۇ - دە، ماڭە - ماڭە تۆمۈرچىلىك كوچىسىغا بېرىپ قاپتۇ. شۇ هامان ئوقۇماي كەيپ - ساپا قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا پات - پات كې- لىپ چۆرگىلەپ كېتىدىغان ئۆز شەهرىدىكى تۆمۈرچىلىك كو- چىسى ئېسىگە يېتىپتۇ - دە، خىيال سۈرۈپ ئۇزاق تۇرۇپ قاپتۇ.

— ئۇكام، قىلدۇرىدىغان ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپتۇ بىر تۆمۈرچى.

ئابدۇلقادىرخان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي سەل گاڭگىراپتۇ- ۋە:

— ئىشىمغۇ يوقتى، ئەمدى شۇ، قاشلىرىغا كېلىۋىدىم، — دەپتۇ.



تۆمۈرچى بۇ يىگىتنىڭ سولغۇن چىرايىغا بىر قۇر نەزەر سالغاندىن كېيىن، ئىشنى قويۇپ ئابدۇلقادىر- خاننى دۇكان ئۆيىگە باشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىرىپتۇ. ئابدۇلقادىرخان ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىپتۇ ۋە ئۇستامنىڭ رازىلىقى بىلەن بۇ دۇكاندىن ئىش تېپىپتۇ.

ئۇ، ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە كۆرۈك باسىدىكەن. ئۇنىڭ تۆت بالىسى بارلىقىنى بىلگەن ئۇستام «شاگىرت بولغانىدىكىن» دەپ ئولتۇرماي تاپاۋىتىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ خىراجەت بېرىدىكەن، ئابدۇلقادىرخان بۇ پۇلغا يېمەكلىك سېتىۋېلىپ بالىلىرىنى باقىدىكەن.

شۇ تەرىقىدە ئۈچ - تۆت يىل ئۆتۈپتۇ، كۆرۈك بېسىپ زېرىككەن چاغلىرىدا ئانچە - مۇنچە بازغان ئۇرۇپمۇ قويىدىكەن. بولقا تۇتۇپمۇ قويىدىكەن، ئىشقىلىپ، ئۇ لاخشىگىر، بىگىز - قىڭراق سوقالايدىغان، كەكە - پالتا قاقالايدىغان بوپتۇ. شاگىرتىنىڭ بۇنچىلىك ئىخلاس قىلىپ ئىشلىگىنىنى كۆرگەن قاسىماخۇن ئۇستام: «ھۈنەرنى بالا چېغىڭىزدىن باشلاپ ئۆگەنگەن بولسىڭىز، ھازىر داڭ چىقىراتتىڭىز، كىچىككەن بولسىڭىزمۇ خېلى ئۆگەندىڭىز» دەپتۇ - دە، بىر قازان پولۇ ئېتىپ، ئەل - جامائەتنى چاقىرىپ، دۇكان ئايرىپ بېرىپتۇ. ئۇستىسىنىڭ بۇنچىلىك مېھىر - شەپقەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇلقادىرخان خىجالەت بولۇپ: «ئۇستام مەن ئۆزلىرىنى رازى قىلالمىدىم» دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.



— ئۆگەنگەن ھۈنىرىڭىز بىلەن بالىلىرىڭىزنى ئاچ قويماي بېقىپ، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرسىڭىز، مەن شۇنىڭغا رازى، — دەپتۇ قاسىماخۇن ئۇستام.

ئابدۇلقادىرخان كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ بىر قانچە يىلدىن بېرى سىر ساقلاپ كەلگەن نەسەبنامىسىنى ئاشكارىلاپتۇ ۋە نەسەبكە چوقۇنۇپ، ئىلىم ئۆگەنمىگەنلىكىگە، ھۈنەر ئۆگەنمىگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ.

— پۇشايمان قىلىشنىڭ ئورنىغا، — دەپتۇ قاسىماخۇن ئۇستام، — دانىشمەنلەرنىڭ «ھۈنەر نەسەبتىن ئۇلۇغ» دېگەن ھېكمىتىنىڭ توغرىلىقىنى تونۇپ، بالىلىرىڭىزنى ئالدى بىلەن ئوقۇتۇڭ، ئوقۇپ بولغاندا، بىرىنچىدىن، تەمەگەر بولمىسۇن، ئىككىنچىدىن، موھتاجلىق دەردى تارتمىسۇن دېسىڭىز، دەرھال ھۈنەرۋەنگە شاگىرتلىققا بېرىپ كەسىپ ئۆگىتىڭ، ئەگەر ھۈنەر ئۆگەتمىسىڭىز، تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە قالغاندا، ھايات بولسىڭىز سىزنى خارلايدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن بولسىڭىز، قەبرىڭىزگە بېرىپ قارغايدۇ، — دەپتۇ.

ئابدۇلقادىرخان كېيىن باللىرىنى ئوقۇتۇپ، ئىلىملىك، ھۈنەرلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپتۇ ۋە كېيىنكى ئۆمرىنى پاراغەتتە ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا «ھۈنىرى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

بىلقۇتجان چۈچەك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چوڭقۇر خىيالغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پاتقان هالدا ئولتۇرۇپ قالدى. مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنى گەپ قىلىشقا زورلىماي، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلىم، ھۈنەر ھەققىدە تەلىم بېرىشكە باشلىدى:

— ئەي قەدىرلىك بالام! ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا كۆپ مەقسەتلىرى بولىدۇ. ئىنسانلار پەقەت ئۆزىدە ئىلىم - بىلىم، ھۈنەر، پەزىلەت ۋە ئىقتىدار ھاسىل قىلغاندىلا مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ. چۈنكى، ئىلىم، ھۈنەر، پەزىلەت ئاشۇرۇش باشقىلاردىن ئارتۇق بولاي دېگەنلىكتۇر. ھەر كىم ئىلىم، ھۈنەر، پەزىلەت ئۆگىنىشتىن ئۆزىنى تارتسا ئاجىزلىق، بىچارىلىققا رازى بولغانلىقتۇر. مۇنداق قىلىش غەيرەتسىزلىك ۋە ھىممەتسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. غەيرەتسىز، ھىممەتسىز كىشى ھېچقانداق ئۇلۇغلۇققا ئېرىشەلمەيدۇ. گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ بالام؟

— چۈشەندىم بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان خىيال قوينىدىن چىقىپ.

— ئۇنداق بولسا مەن ساڭا يەنە كارامەت بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرىمەن. قۇلاق سېلىپ ئاڭلا!

— قانداق چۆچەك ئۇ كارامەت دەپ كەتكۈدەك؟

— ياغاچ ئات، ئۇچىدىغان ياغاچ ئات ھەققىدىكى چۆچەك، بەك قىزىق! — دېدى بوۋاي ئالدىراپ.

— ئۇنداق بولسا، تېزرەك سۆزلەپ بېرىڭ، بوۋا!

# ياغاچ ئات

قەدىمكى زاماندا بىر ياغاچچى بىلەن بىر تۆمۈرچى بولغان-
كەن. ئۇلار بىر - بىرسىنى مەنسىتمەي دائىم بەسلىشىدىكەن.
بىر كۈنى ئىككىسى «مېنىڭ ھۈنىرىم ئارتۇق» دېسە، «مېنىڭ
ھۈنىرىم ئارتۇق» دەپ قىزىرىشىپ قاپتۇ ۋە بۇ ئىشنى ئايدىڭ
قىلىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ھە، نېمىگە كەلدىڭلار؟ نېمە جاڭجال بۇ؟ — دەپ سوراپ-
تۇ پادىشاھ.

ياغاچچى بىلەن تۆمۈرچى ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن تاكاللى-
شىپ قالغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، پادىشاھ بىر ئاز ئويلاي-
سىزلانغاندەك بولۇپ:

— مەن تېخى سىلەرنىڭ ھۈنىرىڭلارنى كۆرۈپ باققىنىم
يوق. شۇڭا ئون كۈن ئىچىدە ماڭا بىرەر ھۈنىرىڭلارنى كۆرسى-
تىڭلار، — دەپتۇ.



ئىككى ھۈنەرۋەن ئۆي-
لىرىگە قايتىپ، ھېچقاچان
ئىشلىتىپ باقمىغان ئۇس-
تىلىقىنى كۆرسىتىشكە
كىرىشىپتۇ. دەل ئون كۈن

www.uyghurkitap.com



توشقاندا، ھەر ئىككىسى ئۆزلىرى ياسىغان نەرسىسىنى ئېلىپ پا-
دىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

تۆمۈرچى بىر تۆمۈر بېلىق ياساپتۇ.

پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ تۆمۈرچىدىن:

— نېمەڭ بۇ؟ بۇنىڭ نېمىگە كېرىكى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خوش پادىشاھىم، بۇ تۆمۈر بېلىقنىڭ خىسلىتى ناھايىتى
جىق، بۇنىڭغا مىنىپ دەريامۇ دەريا، دېڭىزمۇ دېڭىز يۈرۈپ سايا-
ھەت قىلغىلى، ناھايىتى نۇرغۇن يۇرتنى كۆرگىلى بولىدۇ، —
دەپتۇ تۆمۈرچى.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ھەي ئەخمەق! بۇنىڭ ئۆزى تۆمۈر تۇرسا، ئۇ سۇغا چۆكۈپ
كەتمەمدۇ؟! تېخى ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىپ، يۈك ئارتىپ سۇدا ئوي-
نىغۇدەكمىش، — دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپتۇ، ئاخىرى، — ئە-
گەر دېگىنىڭدەك بولمىسا ئۆز گۇناھىڭ ئۆزۈڭگىمۇ؟ — دەپ
سوراپتۇ.

— شۇنداق تەقسىر، — دەپتۇ تۆمۈرچى.

پادىشاھ دەرھال يۈز مىڭ تاغار ئاشلىق ئالدۇرۇپ، تۆمۈرچى-
گە ھۈنىرىنى كۆرسىتىشنى
بۇيرۇپتۇ. تۆمۈرچى تۆمۈر
بېلىققا ئاشلىقلارنى تولۇق
بېسىپ، ئاندىن ئۇنى سۇغا
سېلىپ بىر يېرىنى شۇنداق
بۇرىغانىكەن، تۆمۈر بېلىق



سۇ ئۈستىدە تىرىك بىلىقتىنمۇ شوخ ۋە تېز ئويناپ يۈرگۈدەك. بۇ كارامەتنى كۆرگەن پادىشاھ ھەيران قېلىپ، خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ، تۆمۈرچىنى ھەدەپ ماختاپتۇ. تۆمۈرچى چوڭ كۆلنى بىر ئايلىنىپ سالامەت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ خۇشاللىقىدا تۆمۈرچىگە نۇرغۇن ئىنئام بېرىپتۇ.

ياغاچچىنىڭ ياساپ كەلگىنى قاناتلىق بىر ياغاچ ئات ئىكەن. بۇنىڭ خىسلىتى بىلمىگەن پادىشاھ كۆزگە ئىلمىغاندەك:

— نېمەڭ بۇ؟ خۇددى ئۈششاق باللار ئويناىدىغان ئويۇنچۇققا ئوخشايدىغۇ، — دەپتۇ. ياغاچچى:

— بۇ ياغاچ ئات، ئوڭ قۇلىقىنى بۇرىسا دەرھال ئاسمانغا ئۇچىدۇ، سول قۇلىقىنى بۇرىسا دەرھال يەرگە چۈشىدۇ، قانچە تېز بۇرىسا شۇنچە تېز ۋە ئېگىز ئۇچىدۇ، بۇنى مىنگەن ئادەم خالىغان يېرىگە بارالايدۇ، بىر كۈن ئىچىدە پۈتۈن دۇنيانى كېزەلەيدۇ — دەپتۇ.

پادىشاھ بىلەن ياغاچچى ئات توغرىلىق سۆزلىشىپ تۇرغاندا، پادىشاھنىڭ شاھزادىسىمۇ بۇلارنىڭ يېنىدا بار ئىكەن. ياغاچ ئاتنىڭ ئۇچىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ شاھزادىنى بەك قىزىقتۇرۇپتۇ. ئۇ: مۇشۇ پۇرسەتتە دۇنيانى ئايلىنىپ كۆڭلۈمنى بىر ئېچىپ كەلمەيمۇ، دەپ ئويلاپتۇ ۋە، دادىسىغا:



— دادا، ماڭا رۇخسەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلىسىڭىز، مەن بۇ ياغاچ ئاتنى بىر سىناپ باقسام؟ ـــ دەپتۇ. پا-
دىشاھ:

ـــ ياق بالام، رۇخسەت قىلالمايمەن، بۇ ئاتنىڭ سىرىنى مەن
تېخى بىلمەيمەن. راست ئۇچالامدۇ - ئۇچالمامدۇ؟ قوي، بۇنىڭغا
چېقىلما! ـــ دەپتۇ.

ياغاچچى ئاتنىڭ راست ئۇچالايدىغانلىقىغا پادىشاھنى ئىشەن-
دۈرۈپ:

ـــ يوقسۇ، پادىشاھى ئالەم! راست ئۇچالايدۇ، خەتىرىمۇ يوق.
ئۇنىڭ قۇلىقىنى بۇرىسىلا ئۇچۇۋېرىدۇ، ـــ دەپتۇ.

شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قىزىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ-
قا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە پادىشاھنىڭ ئامراق يالغۇز بالى-
سى ئىكەن، ئادەتتە ئۇ ئوغلىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بەرمەي قوي-
مايدىكەن. شاھزادە بۇنداق يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا، پادىشاھ نا-
ئىلاج رۇخسەت بېرىپتۇ.

ـــ بالام، مېنىڭچە بولسىغۇ سەندىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇم
كەلمەيدۇ. بىر مىنۇت كۆرمىسەم تۇرالمايمەن. مۇشۇ يېقىن
ئەتراپتىلا ئۇچۇپ تېز يېنىپ چۈشكىن. ئانچە يىراققا بارما، ئات-



نىڭ ئۈستىدە سەگەك ئول-
تۇر! ـــ دەپ يېنىپ - يې-
نىپ تاپىلاپتۇ پادىشاھ.

شاھزادە خۇشال بولۇپ:

ـــ خوش دادا! ـــ دەپلا
ئاتقا مىنىپ، ئۇنىڭ ئوك

قۇلىقىنى بۇراپتۇ، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن شاھزادە يەرگە شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ھاي ـ ھاي! تاغلار، دەريا ـ ئېقىنلار، دەل ـ دەرەخلەر، ئۆي ـ ئىمارەتلەر ۋە ئادەملەر... ھەممىسى خۇددى جاھاننەمىدا كۆرگەندەك شۇنداق چىرايلىق ۋە شۇنداق كىچىك كۆرۈنۈپتۇ. بۇ قىزىقچىلىقتا شاھزادە دادىسىنىڭ بايا ئېيتقان سۆزلىرىنى يادىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئۇچا ـ ئۇچا بەك ئېگىزگە ئۆرلەپ كېتىپتۇ. قانچە ئېگىز ئۆرلىسە يەر ـ زېمىن ۋە پۈتۈن نەرسە شۇنچە كىچىك ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ! ئاتنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى بۇراۋېرىپتۇ، بىردەمنىڭ ئىچىدە بايىقى تاغلار، سۇلار، دەل ـ دەرەخلەر ۋە ئادەملەر ئۇنىڭ كۆزىدىن غايىب بولۇپتۇ. ئۇچا ـ ئۇچا شاھزادىنىڭ قورسىقى ئېچىشقا باشلاپتۇ، دەررۇ ئاتنىڭ سول قۇلىقىنى بۇراپ ئاستا ـ ئاستا پەسەيتىپتۇ، بىر يەرگە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، باشقا بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە ئاستا ـ ئاستا يەرگە چۈشۈپتۇ.

يەرگە تىنچ ـ ئامان چۈشكەندىن كېيىن بىر سارايغا ئورۇنلىشىپتۇ. چوڭ بولۇپ باشقا يۇرتقا بېرىپ باقمىغان شاھزادە بۇ شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا پاتماي قاپتۇ.



ئەتىسى سەھەردىلا كوچىلارنى ئايلىنىشقا چىقىپتۇ، ئۇياق ـ بۇياقنى ئارىلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۇرۇپ، كىرمىگەن كوچىلىرى قالماپتۇ. بىر چاغدا بىر تار كو-چىدىن چوڭ بىر مەيدانغا چىقىپ قاپتۇ. مەيدانغا قارىسا، خۇددى بازار كۈنى ياكى ھېيت كۈنىدەك شۇنداق جىق ئادەم تۇرغان. ھەممە ئادەم نېمىدۇ بىر نەرسىنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ تۇرغۇدەكمىش، بۇنى كۆرگەن شاھزادە ھەيران بولۇپ قاپتۇ ۋە ئادەملەرنىڭ ئىچىگە قىسىلىپ كىرىپ ئاسمانغا قاراپتۇ. ھېچنەرسىنىڭ دىدارى كۆ-رۈنمەپتۇ. بۇنىڭ تېگىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇ يېنىدا تۇرغان بىر كىشىدىن سوراپتۇ.

— يىگىت، سىز بۇ يەرگە يېڭىدىن كەلگەن ئوخشايسىز؟ بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ بىر مەلىكىسى بار، ئۇ شۇنداق چىراي-لىق قىزكى، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار، پادىشاھ ئۇنى جىنىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ. ئۇنى ئىنس - جىنغا كۆرسەتمەي ساقلايدۇ. ئوردىدا ساقلاشتىن قورقۇپ، تىلسىمات بىلەن ئاسماندا ئالايىتەن بىر ساراي سېلىپ بەرگەن. پادىشاھ ھەر كۈنى مەلىكى-نى بىر يوقلاپ چۈشىدۇ. پادىشاھ هازىر مەلىكىنى يوقلاش ئۈچۈن ئاسمانغا چىقىپ كەتتى، بىرئازدىن كېيىن قايتىپ چۈشىدۇ، بىز ھەممىمىز پادىشاھنىڭ قاي-تىپ چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرىمىز، — دەپتۇ. بۇ گەپ-نى ئاڭلاپ شاھزادە ھەيران بولۇپ:



— ئاسمانغا قانداق ئۆي

سالغىلى بولىدۇ، — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى كىشى:

— پەرىشتىلەر ياساپ بەرگەنمىش، ئۇ يەرگە پادىشاھتىن باشقا ئادەم چىقالمايدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۆڭلىگە بىر نەرسىلەرنى پۈكۈپ سارايغا قايتىپ كېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ياغاچ ئېتىغا مىنگەن بويىچە ئۇچۇپ، بايىقى مەيداننىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان ئاسمان بوشلۇقىنى بىر نەچچە ئايلىنىپتۇ، شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، دېگەندەك بوشلۇقتا يوغان بىر ئۆي تۇرغۇدەكمىش. شاھزادە ئۆينىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. مەلىكە دادام يەنە چىققان ئوخشايدۇ، دەپ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ قارىسا، دادىسى ئەمەس ئىكەن. مەلىكە ھەيران بولۇپ: ئادەمزاتنىڭ بۇ يەرگە چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ پەرىشتىلەردىن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ شاھزادىنى بەك ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قارشى ئاپتۇ. شاھزادە قارىغۇدەك بولسا، مەلىكە ھەقىقەتەن ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، شۇنداق چىرايلىق، نازۇك بەدەن، ساھىبجامال بىر قىز ئىكەن. شاھزادە بىر كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ - دە: مۇشۇنداق بىر گۈزەل قىز بىلەن بىر يەردە بولۇش مېنىڭ بەختىم، جېنىمنىڭ راھىتى ئەمەسمۇ؟ نېمە بولسام بولاي، بۇ قىزنى قولدىن بەرمەي، دېگەن ئويغا كەپتۇ.



www.uyghurkitap.com



قىزمۇ دادىسىنىڭ ھېچكىمگە كۆرسەتمەي، ئادەم بالىسى يوق بىر جايغا ئېلىپ چىقىپ قويغىنىغا ئىچى پۇشۇپ، تىت ـ تىت بولۇپ يۈرىدىكەن ۋە ئۆزىگە مۇشۇنداق بىر يىگىتنىڭ ھەمراھ بولۇشىغا تەشنا ئىكەن. شاھزادىنىڭ پەرىشتە ئەمەس ئادەمزات ئىكەنلىكىد-نى، ئۇنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، مەلىكىنىڭ كۆڭلى خۇش بولۇپتۇ. ئۇلار ئەركىن ـ ئازادە مۇڭدىشىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا شاھزادە ئېتىغا مىنىپ، بايىقى سارايغا قايتىپ چۈشۈپتۇ.

شۇ كۈنى چۈشتە پادىشاھ ئادىتى بويىچە قىزىنى يوقلىغىلى ئاسمان سارىيىغا چىقىپتۇ. پادىشاھ ھەر كۈنى قىزىنىڭ يېنىغا چىققاندا، ئۇنى جىڭلاپ كۆرىدىكەن، چۈنكى پادىشاھنىڭ قارىشىد-چە، خوتۇن كىشى ئەر كىشىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىنلا ئېغىرلىد-قى ئاشارمىش. بۈگۈن پادىشاھ قىزىنى جىڭلىغۇدەك بولسا، ئادەت-تىكى ئېغىرلىقىدىن ئىككى جىڭ ئارتۇق چىقىپتۇ. بۇنىڭغا پا-دىشاھ بەك خاپا بولۇپ، قىزىنىڭ يېنىدا بىردەممۇ ئولتۇرماستىن قايتىپ چۈشۈپتۇ. كۆپچىلىك بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. ۋەزىرلەرمۇ پايپاسلاپ كېلىپ پادىشاھتىن نېمە ئەھۋال بولغانلىد-قىنى سوراپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن ئەھۋالنى بايان قىلىپ، مۇنداق دەپتۇ:

ـــ بۇ ئىشقا ھېچ ئەقد-لىم يەتمىدى. مېنىڭدىن باشقا ئاسمانغا چىقالايدىغان ئادەممۇ بارمۇ ـ يا؟ سىلەر بىر چارە قىلىپ مۇشۇ ئا-



دەمنى تېزدىن قولغا چۈشۈرۈڭلار، بولمىسا كالللاڭلارنى ئالىمەن!
بىر ۋەزىر ئەقىل كۆرسىتىپ مۇنداق دەپتۇ:
— خوش پادىشاھى ئالەم، بىزدە داڭلىق تۆت باتۇر بار. ئەگەر رۇخسەت قىلسىلا، شۇ باتۇرلارنى مەلىكە ئولتۇرغان ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا قويساق، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېلىغۇ ئادەم ئىكەن، قۇش-مۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ.
پادىشاھ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپتۇ. تۇندە بۇ تۆت باتۇرنى ئاس-مان سارىيىغا ئېلىپ چىقىپ، سارايىنىڭ تۆت تەرىپىگە قويۇپ قايتىپ چۈشۈپتۇ. بۇ باتۇرلار پەقەت ئويغاق ۋاقتىدىلا باتۇر ئى-كەن، ئۇخلاپ قالغاندا، بۇرنىدىن چىۋىن كىرىپ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكىنىنى تۇيمايدىكەن. پادىشاھ تېخى يەرگە چۈشە - چۈشمەس-تىنلا ھېلىقى تۆت باتۇر ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولۇپتۇ. شاھزادە يەنە ئۇچۇپ چىقىپ، مەلىكە بىلەن بەخىرامان ھال - مۇڭ قىلى-شىپ تاڭ ئاتقاندا قايتىپ چۈشۈپتۇ. بۇ كۈنى پادىشاھ قىزىنى جىڭلاپتىكەن، ئالتە جىڭ ئارتۇق چىقىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىق-تىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۇدەك بوپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ۋەقەسى پۈتۈن شەھەر ئەھلىگە پۇر بولۇپ كې-تىپتۇ، پادىشاھ قاتتىق خى-جالەتچىلىكتە قاپتۇ.



پادىشاھ ئوردا ئەھلىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ھېلىقى ۋەزىرى يەنە ئەقىل كۆرسى-تىپ مۇنداق دەپتۇ:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



— پادىشاھىم، بىز مەلىكە ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىچى ـ تېـ-شىنى ۋە ئۆيدىكى جاھازلارنى قىزىل بوياق بىلەن بوياپ تاشلايلى. ئەتىسى پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يىغىپ تەكشۈرەيلى، ئەگەردە كىمـ-نىڭ كىيىمىدە قىزىل بوياق بولسا، شۇنى تۇتساقلا، ئىش ئايدىڭ بولىدۇ.

پادىشاھ بۇنى ماقۇل كۆرۈپتۇ.

شۇ كېچىسى شاھزادە مەلىكىنىڭ يېنىغا چىقىپتۇ. قارىسا ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە، ئۆينىڭ ئىچى ـ تېشى ۋە پۈتۈن ساي-مانلار قىپقىزىل سىرلاقلىق. شاھزادىنىڭ مەلىكىنىڭ يېنىدا تۇرماي قايتىپ چۈشكۈسى كەلمەپتۇ. ئەتىسى قايتىپ چۈشمەكچى بولۇپ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە قارىسا پۈتۈنلەي قىزىل بوياققا بو-يىلىپ كەتكەن. ئەسلىدە شاھزادىنىڭ كىيىمىگە پۈتۈنلەي ئالتۇن ـ مەرۋايىت تۇتۇلغان بولۇپ، ئۆتۈكىنىڭ ناھالى ئالتۇندىن ئىكەن. ئەگەر بۇنى تاشلىۋەتمىسە، سىر پاش بولۇپ قالىدىكەن. شۇڭا كىيىمىنى شۇ يەردىلا سېلىپ تاشلاپ، ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا سارايغا ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ.

بۇ شەھەردە بىر قېرى مويسىپىت بار ئىكەن، ئۇ ھەر كۈنى ئەلدىن بۇرۇن تۇرۇپ كوچا ئارىلايدىكەن. بۈگۈنمۇ كو-چىدا كېلىۋاتسا، يىراقتا بىر نەرسە ۋال ـ ۋۇل قىلىپ تۇرغىدەك، «بۇ نېمە بولغىـ-دى» دەپ ئالدىراپ ـ تېنەپ



بىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەتلەر قادالغان ئىپ ـ سىل كىيىم ئىكەن. بۇۋاي ئالەمچە خۇشال بولۇپ، شۇ يەردىلا بۇ كىيىملەرنى كىيىپتۇ. لېكىن مويسىپىت بۇ چاپان بىلەن ئۆتۈك ـ نىڭ سىرىنى نەدىن بىلسۇن، شۇ خۇشاللىقىدا كېتىۋاتسا، ۋە ـ زىرنىڭ ھەممە كىشىنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈۋاتقىنىغا توغرا كېلىپ قاپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭ كىيىمىدىكى بوياق ئىزىنى كۆرۈپ، شۇ ھامان ئۇنى باغلاپ زىندانغا تاشلاپتۇ، تۈرلۈك قىيىن ـ قىس ـ تاقلار بىلەن سوراققا ئاپتۇ، ئاخىرى ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قى ـ لىپتۇ.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن شەھەر خەلقى ھەيرانلىقتا پېتىپتۇ، ئاس ـ مانغا چىققان كىشىنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ئالدىراپتۇ. بۇ ئەھۋال ھېلىقى شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يې ـ تىپتۇ. شاھزادىنىڭ بىر قېرى ئادەمنىڭ ناھەق ئۆلۈمگە كې ـ تىۋاتقانلىقىغا ۋىجدانى چىدىماي، يۈرىكىگە خۇددى بىر ئېغىر تاشنى ئېسىپ قويغاندەك تۇيۇلۇپتۇ، ئۇ شۇ ھامان ياغاچ ئېتىنى قولتۇقىغا قىسىپ يۇگۈرگەن پېتى دار ئالدىغا بېرىپتۇ، قارىسا قېرى مويسىپىتنىڭ بويىنىغا ئاللىقاچان سىرتماق سېلىنغان، شاھزادە تېخىمۇ ئالدىراپ ئۇنىڭ بېرىچە:



ـــ ھەي جاللات، توختا! بوۋاينى ئاسما! ئۇنىڭ گۇنا ـ ھى يوق، گۇناھنىڭ ھەم ـ مىسى مەندە. مەلىكىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يېنىغا چىققان مەن، مەلىكە بىلەن بىللە تۇرغانمۇ مەن، ئۇنىڭ تېپىۋالغان كىيىمى مېنىڭ كىيىمىم، مېنى ئۆلتۈر، ئۇنى قويۇپ بەر! — دەپ ۋارقىراپ كەپتۇ.

پادىشاھ ئەھۋالنى بىلىپ:

— ئەمىسە شۇ يىگىت ئۆلتۈرۈلسۇن! — دەپ بۇيرۇق بېرىپ-تۇ.

جاللات قىزنى قويۇپ بېرىپ، شاھزادىنى باغلاي دەپ تۇرۇ-شىغا، شاھزادە ئەپلەپ تۇرۇپ، ياغاچ ئېتىغا چەبدەسلىك بىلەن مىنىپتۇ-دە، ئۇچقاندەك ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. جاللاتلار پايپېتەك بولۇشۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئاچچىقىغا چىدىماي بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ.

شاھزادە، ئۇچقان پېتى مەلىكىنىڭ يېنىغا چىقىپتۇ ۋە ئۇ-نىڭغا:

— ئىككىمىزنىڭ ئىشى دادىڭىزغا مەلۇم بولۇپ قالدى. ئۇ-لۇمدىن ئاران دېگەندە قۇتۇلدۇم. سىزدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ، ئەگەر خالىسىڭىز ئىككىمىز بىللە قاچايلى، — دەپتۇ.

— مەن سىز بىلەن بىر بولغىنىم بولغان، سىزدىن ئۆلسەم-مۇ ئايرىلمايمەن، — دەپتۇ مەلىكە.



شۇنىڭ بىلەن ئىككى-سى ئاتقا مىنىپ ئۇچۇپتۇ. بۇلار ئۇچۇپ خېلىلا يەرگە بارغاندىن كېيىن، مەلىكە

تۇيۇقسىز:

— ئاپلا... كىچىك چېغىمدا ئانام ماڭا ئىككى دانە گۆھەر بەرگەنىدى: «ئەرگە تەگكەن چېغىڭدا، بىرسىنى قېيىنئاتاڭغا، يەنە بىرسىنى قېيىنئاناڭغا بەرگىن» دېگەنىدى. گۆھەر سارايدا قاپتۇ، مەن شۇنى ئېلىۋالمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ. شاھزادە:

— ئۇچۇپ يېرىم يولغا كەلدۇق، ئەمدى قايتمىش خەتەرلىك، — دېسە، مەلىكە:

— ياق بولمايدۇ، شاھزادە، مەن قېيىنئاتام بىلەن قېيىنئانامنىڭ ئالدىغا نېمە دەپ بارىمەن، بۇ ئانامنىڭ ماڭا قالدۇرغان ۋەسىيىتى، — دەپ ئۇنىماپتۇ.

شاھزادە مەلىكىنىڭ دىلىنى ئاغرىتماسلىق ئۈچۈن نائىلاج رۇخسەت بېرىپ، ئۆزى بىر قۇملۇقتا چۈشۈپ، مەلىكىنى يولغا ساپتۇ.

پادىشاھ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن دەرھال ئاسمان سارىيىغا چىقىپتۇ. قارىسا مەلىكە يوق. پادىشاھ ھۆركىرەپ يىغلاپتۇ. نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغان چاغدا، قىزنىڭ ياغاچ ئاتقا مىنىپ غارقىراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە بىر دالدا يەرگە كىرىپ مۆكۈپتۇ، مەلىكە ئۆيگە كىرىشى بىلەن پادىشاھ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئوردىغا ئاپىرىپ بىر يەرگە سولاپ قويۇپتۇ.



ئۇلارغا قوشنا بىر پا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىشاھنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن. مەلىكىنىڭ چىرايلىقلىقى ھەق-قىدىكى گەپ - سۆزلەر بۇ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۆز ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەلىكىنىڭ دادىسى قوبۇل كۆرمىگەنىكەن. مەلىكىنىڭ چاتىقى چىققاندىن كېيىن، بۇ ئىش پادىشاھقا ناھايىتى ھار كەپتۇ. ئۇ قىزىنى ۋاقتىدا ياتلىق قىلىش ئۈچۈن ھېلىقى پادىشاھقا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ. ھېلىقى پادىشاھ تويتەييارلىقىنى ھەش - پەش دېگۈچە پۈتكۈزۈپ، ئوغلىنى بىر قانچە ۋەزىر ۋە نۆرغۇن لەشكەر بىلەن يولغا ساپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادىدىن ئاڭلايمىز:

شاھزادە مەلىكىنى ئەنە كېلەر، مانا كېلەر دەپ بىر كۈن ساقلاپتۇ، ئىككى كۈن، ھەتتا ئۈچ كۈن ساقلاپتۇ، قىزدىن دېرەك بولماپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: مەلىكە مەندىن يۈز ئۆرىدى، يا بىر پالاكەتكە ئۇچرىدى. ياغاچ ئاتتىنمۇ ئايرىلدىم، بۇ چۆل - جەزىرىدە ئۆلىدىغان بولدۇم، ئۆلۈكۈم قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولىدىغان بولدى، دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. كۈننىڭ باشنى قايناتقۇدەك ئىسسىقى، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابى شاھزادىنى قىيناپ ھالىنى قويماپتۇ. شاھزادە كەچقۇرۇن ئېگىز بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئادەم بار يەرنى ئىزلەپتۇ. ھېچبىر ئىنس - جىننىڭ دىدارى كۆرۈنمەپتۇ. شاھزادە تاغدىن سىيرى-



لىپ پەسكە چۈشۈپتۇ، بىر هازا يول مېڭىپ ئالدىغا شۇنداق قارى-
غۇدەك بولسا، بىر گۈزەل چىمەنزارلىق باغ تۇرغۇدەك، تۈرلۈك
يەل - يېمىشلەر پىشىپ كەتكەن، رەڭمۇ رەڭ چىرايلىق گۈللەر
ئېچىلغان، ئېرىقلاردا سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، بۇلبۇللار
سايرىشىۋاتقان ئاجايىپ كۆڭۈللۈك بىر باغ ئىكەن. نەچچە كۈندىن
بېرى ئاچلىقنىڭ، ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئازابىنى چەككەن شاهزادە
مېۋىلەرنى يېيىش ئۈچۈن باغقا كىرىپتۇ، لېكىن باغدا ئادەم
دىدارى يوق. ئۇ بىر تۈپ شاپتۇل تۈۋىگە بېرىپ قورسىقى تويغىچە
يەپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن بىر تاتلىق ئۇيقۇ بېسىپتۇ - دە، شاپ-
تۇل تۈۋىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىسى ئويغىنىپ ئېگىكىنى شۇنداق
سىلىغۇدەك بولسا، بىر تۇتام ئاپپاق ساقال تۇرغۇدەك، شاهزادە بۇ
نېمە ۋەقە دەپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئويلاپ -
ئويلاپ بۇنىڭ سەۋەبىنى هېچ تاپالماپتۇ، ئاخىرى شاپتۇلدىن گۇ-
مانلىنىپتۇ، هە گەپ شاپتۇلدىكەن، ئەمدى قانداق قىلىش كې-
رەك؟ ئەگەر مەلىكە كېلىپ قالسا، بىر غېرىچ ساقىلىمنى كۆر-
سە، قانداق قىلار، دەپ، ئويلا - ئويلا قورسىقى يەنە ئېچىپتۇ.
شاپتۇل يېيىشتىن قورقۇپ، بىر تۈپ نەشپۈت يېنىغا بېرىپتۇ،
سارغىيىپ پىشىپ كەتكەن
نەشپۈتنى راسا تويغىچە يەپ-
تۇ. بىر ئازدىن كېيىن بىر
تاتلىق ئۇيقۇ بېسىپتۇ - دە،
نەشپۈت تۈۋىدە ئۇخلاپ قاپ-
تۇ. بىر چاغدا ئويغىنىپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



كېرىلىپ ئورنىدىن تۇراي دېسە بېشىغا بىر نەرسە يېپىشىپ قال- غاندەك بوپتۇ، بېشىنى سىلىغۇدەك بولسا، بىر جۈپ ئۈزۈن ھەم قوپال مۈڭگۈز تۇرغۇدەك، شاھزادە ھەيران بولۇپ «ئەمدى تۈگەش- تىم، ئادەمدىن ھايۋانغا ئۆزگىرىپ قالدىمغۇ، مەلىكە ماڭا قانداقمۇ قارار» دەپ داد - پەرياد كۆتۈرۈپتۇ. شۇ ئېغىر قايغۇدا غەمگە پېتىپ يەنە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ۋە بىر چۈش كۆرۈپ- تۇ. چۈشىدە ئاپپاق ساقاللىق نۇرانە بىر بوۋاي ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ھەي بالام، ساڭا نېمە بالا كەلدى؟ نېمانچە مۇنداق دەرد- لىك يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە بوۋايغا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىر- نى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي:

— يىغلىما بالام، ھېچقەقەسى يوق، سەن بۇ باغنىڭ سىرىنى بىلمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇپ قاپسەن. بۇ باغدىكى مېۋىلەرنى يېيىش شەرتى شۇكى: دەرەختىكى مېۋىلەرنى يەرگە چۈشۈپ قاق بولۇپ قالغانلىرى بىلەن قوشۇپ يېسەڭ ھېچنېمە بولمايدۇ. ھېلىمۇ كېرەك يوق. سەن ئەمدى قاقلىرىنى يېگىن، شۇ چاغدا ساقال بىلەن مۈڭگۈزلىرىڭ دەرھال چۈ- شۈپ كېتىدۇ. بالام، ھەر- گىز بۇ يەردە ياتما، بۇ يەر- دىن تېزراق كەتكىن. بۇ باغ دىۋىلەرنىڭ بېغى، ئۇلار ھا-



زىر ئۇخلاۋاتىدۇ، بىر ئۇخلىسا قىرىق كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلايدۇ. ئەگەر بۇگۈنلا بۇ يەردىن كەتمىسەك دىۋىلەر سىنى تىرىك قويمايدۇ، — دەپ كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ.

شاھزادە ئويغىنىپ، چۈشىدە كۆرگەن بوۋاينىڭ سۆزى بويىچە دەرھال شاپتۇل ۋە نەشپۈت قاقلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ يەپتۇ. دېگەندەك، ساقال بىلەن مۈڭگۈزلىرى دەرھال يوقاپ، بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپتۇ. بۇ يەردىن دەرھال كېتىشنى ئويلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تال ـ چىۋىقلارنى سۇندۇرۇپ بىر دانە چوڭ سېۋەت توقۇپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ يېرىمىغا پىشقان شاپتۇل، نەشپۈتلەرنى، يېرىمىغا قاقلىرىنى قاچىلاپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. باغدىن چىقىپ قارىسا يەنە چەكسىز كەتكەن باياۋان. كۈنچىقىش قايسى، كۈنپېتىش قايسى پەرق ئەتكىلى بولمىغۇدەك. ئاخىرى تەۋەككۇل قىلىپ ئۇدۇل كەلگەن يولغا راۋان بولۇپتۇ. قورسىقى ئاچسا شاپتۇل بىلەن نەشپۈتتىن يەپ، ئۇيقۇسى كەلسە ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ يېتىپ ـ قوپۇپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپ ئاخىرى بىر چوڭ تاغقا ئۇلىشىپتۇ. يەنە بىرقانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر چوڭ يولغا چىقىپتۇ ۋە سېۋىتىدىكى شاپتۇل بىلەن نەشپۈتتىن يەپ، ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.



ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر توپ كارۋانلار يېتىپ كەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شاھزادە ئۇلاردىن كۈنچىقىشقا ماڭسا ئۆز يۇرتىغا، كۈنپېتىشقا ماڭسا مەلىكىنىڭ يۇرتىغا بارىدىغانلىقىنى سوراپ بىلىۋاپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، بىر ئامال قىلىپ مەلىكە بىلەن ياغاچ ئاتنى قولغا چۈشۈرۈشنى نىيەت قىلىپتۇ- دە، يولغا چىقىپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئارقىغا قارىسا، بىر توپ ئادەملەر ئاتلىرنى ئويناتقان ھالدا چاڭ- توپىلارنى توزۇتۇپ، ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقۇدەك. يېقىن كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدا بىر قانچە مەپىمۇ كۆرۈنۈپتۇ. ئالدىدىكى بىر مەپە شۇنداق چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، پال - پۇل قىلىپ تۇرغان نۇرى ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقىدىكەن. مەپىنىڭ ئىچىدىكى مەلىكىنىڭ دادىسى ئەۋەتكەن خەتكە بىنائەن مەلىكە بىلەن تويلاشقىلى كېتىۋاتقان شاھزادە، ئاتلىقلار بولسا، شۇ شاھزادىنى ھىمايە قىلىپ كېتىۋاتقان ۋەزىر ۋە ياساۋۇللار ئىكەن.

ئۇلار شاھزادىنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن، ۋەزىر قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپتۇ.

— ھەي بالا، بۇ يەردە نېمە سېتىپ يۈرسەن؟

— ھېچنەرسە ساتمايمەن! — دەپتۇ شاھزادە.



— بىر نەرسە ساتمىساڭ سېۋىتىڭدىكى نېمە ئۇ؟ ئۇنىڭدا شاپتۇل، نەشپۈتلەر تۇرىدىغۇ! — دەپتۇ ۋەزىر.

— ھە! بۇ مېنىڭ ئوزۇقۇم! — دەپتۇ شاھزادە.

ۋەزىر شاھزادىنىڭ بۇ گېپىگە سەل رەنجىگەندەك بولۇپ:

— ھوي! نېمانداق ئاتىكاچى نېمىسەن؟! بىر نەچچىنى سېتىپ بەرسەڭ بولمامدۇ!؟ بىز يول يۈرگىلى بىر نەچچە كۈن بولدى، كۈن ئىسسىق، بىزنىڭ شاھزادە ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي قالدى. بۇ نىېمەڭنى بىز يېمەيمىز، شاھزادە يەيدۇ، شاھزادە! — دەپتۇ.

سېۋەت كۆتۈرگەن شاھزادە:

— ياق، مەيلى كىم يېسۇن، ساتمايمەن. بۇ مېنىڭ يولدا يەيدىغان ئوزۇقۇم. ئۆزۈڭلار كۆرۈۋاتىسىلەر، بۇ پايانسىز چۆللۈكتە تاش بىلەن قۇمدىن باشقا نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. سىلەرغۇ ئات بىلەن، مېنىڭ ئىككى پۇتۇمدىن باشقا نېمەم بار؟ قاچان بىر مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە ئاچلىقتا ناھەق ئۆلمەمنۇ، — دەپتۇ.

شۇ ئارىدا مەيدە ئولتۇرغان شاھزادە ۋەزىرگە:

— تېز ئەپكەل شاپتۇل بىلەن نەشپۈتنى! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ۋەزىر ئۆز شاھزادىسىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ، دەرھال يېنىدىن تىللارنى ئېلىپ سېۋەت كۆتۈرگەن شاھزادىگە تەڭلەپتۇ. شاھزادە بولارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىچىدىكى ھەسرىتىنى بىلدۈرمەستىن تىللانى ئېلىپ، ھېلىقى شاپتۇلدىن ئىككى دانە، نەشپۈتتىن ئىككى دانە بېرىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ قېقىدىن بەرمەپتۇ. مەيدىكى شاھزادە شاپتۇل بىلەن نەشپۈتنى قولىغا ئېلىش بىلەن ئاغزىغا موكلا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ساپتۇ ـ دە، يولغا راۋان بولۇپتۇ، بىر ئازدىن كېيىن شاھزادە ئويغىنىپ ئىڭىكىنى سىلىسا بىر غېرىچتەك ئاق ساقال، بېشىنى سىلىسا بىر غېرىچ قوش مۈڭگۈز تۇرغىدەك، شاھزادە چۆچۈپ كېتىپ مەپىنى دەرھال توختىتىپتۇ. ۋەزىر، ياساۋۇللارمۇ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ مەپىنىڭ يېنىغا كېلىشىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، شاھزادىنىڭ ئورنىدا ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس، ھايۋان دېسە ھايۋان ئەمەس ، خۇددى جىن ـ ئالۋاستىدەك بىر سەت نەرسە ئولتۇرغۇدەك. بۇلارمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ، بۇنىڭ نىمە ۋەقە ئىكەنلىكىگە ھېچ ئەقلى يەتمەپتۇ. شۇ ئارىدا ھېلىقى شاھزادىمۇ ئارقىدىن پىيادە يېتىپ كەپتۇ، ۋەزىر يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— سەن بايا بىزگە سېتىپ بەرگەن نىمە ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە ھودۇقماستىن:

— نىمە بولماقچى، نەشپۈت بىلەن شاپتۇل! — دەپتۇ.

— قانداق شاپتۇل ئۇ؟ نەشپۈتچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر.

— قانداق بولاتتى؟ شاپتۇل شېخىدا پىشقان شاپتۇل، نەشپۈت شېخىدا پىشقان نەشپۈت ـ تە!

— ئۇنداقتا، بىزنىڭ شاھزادە يېگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ساقال بىلەن مۈڭگۈز چىقىپ قالدىغۇ؟



شاھزادە ئاستا مەپىنىڭ يېنىغا كېلىپ مەپىدىكى شاھزادىنىڭ سەت تەلەتىنى بىر كۆرۈپ، سالماقلىق بىـ

لەن:

ــــ مېنىڭ كېچە ـ كۈندۈز يەپ كېلىۋاتقىنىم مۈشۈ نەشپۈت بىلەن مۈشۈ شاپتۇل، نېمە ئۈچۈن بۇ ساقال بىلەن مـۈڭگۈز ماڭـا چىقمايدۇ، ــــ دەپتۇ، ئاندىن سوراپتۇ، ــــ شاھزادە شاپتۇل بىلەن نەشپۈتنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇخلىغانمۇ؟

ئولىشىپ تۇرغانلار بىر ئېغىزدىن:

ــــ ھە! ھە! ئۇخلاپ قالغانىدى، ــــ دەپتۇ.

ــــ مانا بۇنىسى بولماپتۇ ـ دە! بۇنى ئەمدى كىمدىن كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ چۆللۈكتە ھېلىغۇ شاپتۇل بىلەن نەشپۈت ئىكەن، ھەر قانداق تاماق يېگەن كىشىمۇ ئۇخلىسا بولمايدۇ، بىر نەرسىنى يەپ بولۇپ ئۇنى ياخشى سىڭدۈرمەيلا ئۇخلاپ قېلىش خاتا! ئۇخلىغاندىن كېيىنلا مۈشۈنداق بولۇپ قالىدۇ، بۇرۇنمۇ نۇرغۇن ئادەملەر مۈشۈنداق بولۇپ قالغان، سىلەر بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىدىڭلار ـ دە؟ ــــ دەپتۇ شاھزادە. بۇنى ئاڭلاپ ھەممىسى باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ:

ــــ شۇنداق، بىز بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز، ــــ دېيىشىپتۇ.

شاھزادىنىڭ تازا كۈلگۈسى كەپتۇ، لېكىن چاندۇرماسلىق ئۈچۈن كۈلكىسىنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ. ۋەزىر بىلەن ياساۋۇللار ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش بولۇپ كېتىپتۇ، بىر نەچچىسى: «شاھزادە بۇ قىيapەت بىلەن مەلىكىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەرگىز ئالالمايدۇ، ئەمدى مۇشۇ يەردىن قايتىشىمىز كېرەك»
دېسە، بەزىلىرى: «بىز شاھزادىنى بۇنداق قىلىپ قويۇپ قايتساق
پادىشاھقا نېمە دەيمىز؟ بىر ئىلاج قىلىپ ساقايتىشىمىز لازىم»
دېيىشىپتۇ. شاھزادە ئۆزىمۇ قايتىشقا ئۇنىماي:

— نەچچە يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرەلمەي، مىڭ بىر مۇ-
شەققەتتە قولۇمغا كەلتۈرمەكچى بولغان قىزنى تاشلاپ نەگە بارد-
مەن؟! قانداقلا بولسۇن شۇ قىزنى ئېلىپ كېتىشنىڭ چارىسىنى
قىلىڭلار، — دەپتۇ. ئاخىر ۋەزىر شاھزادىگە:

— ئەمدى باشقا چارە يوق. ئارىمىزدىن بىر چىرايلىقراق يى-
گىتنى تېپىپ، ئۇنى شاھزادىلارچە كىيىندۈرۈش كېرەك. مەلى-
كىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆز يۇرتىمىزغا بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ
جانابلىرىغا كۆنمەيدىغان ئىلاجى يوق، — دەپ مەسلىھەت بېرىپ-
تۇ.

شاھزادىگە بۇ پىكىر بەكمۇ يېقىپتۇ ۋە شۇنداق قىلىشقا بۇي-
رۇق بېرىپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مەلىكىگە يارىغۇدەك
يىگىت تېپىلماپتۇ، ھېچقايسىسىنىڭ چىرايى شاپتۇل ساتقان
شاھزادىچىلىك يوق ئىكەن. ئۇلار ئاخىر شاپتۇل ساتقان شاھزادى-
نى ئالدىماقچى بولۇپتۇ-
دە، ۋەزىر ئۇنىڭغا مەقسىتى-
نى ئېيتىپتۇ. بۇ گەپ
شاھزادىگە راسا ياققان بول-
سىمۇ، لېكىن چىنىپ قال-
ماسلىقى ئۈچۈن:



ــ ئۆز ئىشىڭلارنى ئۆزۈڭلار قىلىڭلار، مەن ئۇقەت قىلىپ جان بېقىپ يۈرگەن بىر يولۇچىمەن، مېنى ئۇنداق خىجىل قىلـ ـماڭلار، ــ دەپ ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ.

ۋەزىر كۆپ يالۋۇرۇپتۇ، شاھزادە ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ۋەزىر پۇل بىلەن ئالدىماقچى بولۇپ، يېنىدىن ئون تىللا ئېلىپ تەڭلەپتۇ، يەنە ئۇنىماپتۇ، يۈز تىللا بېرەي دەپتۇ، شاھزادە ئاران ئۇناپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۇ شاھزادىنى كىيىندۈرۈپ مەپىگە سېلىپتۇ، مەپىدىكى شاھزادىنى باشقا مەپىگە سېلىپ، يۈزگە چۈمـ ـبەل يېپىپ، مۇڭگۈزىنى بىر پارچە رەخت بىلەن ئوراپ قويۇپتۇ.

قۇدا بولىدىغان پادىشاھ بۈگۈن شاھزادە كېلىدۇ، دەپ پۈتۈن ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن شەھەر ئەھلىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ، قارىسا قىزنى ئالىدىغان شاھزادە ئاجايىپ كېـ ـلىشكەن بىر يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ تويلۇققا ئەكەلگەن پۇل ـ ماللىرى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ پادىشاھ ھەم خۇش بوپتۇ ھەم غەم ـ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. قىزنىڭ چاتىقى پاش بولۇشتىن ئىلگىرى تويىنى چاپسانراق ئۆتكۈزۈپ، شاھزادىنى پاتراق يولغا سېلىشقا ئالدىراپتۇ.



توي كۈنى قېرىلار بىر يەردە، ياشلار بىر يەردە بوپـ ـتۇ. كېچە ـ كۈندۈز ھەممە مېھمانلار مەشرەپ ۋە ئويۇن ـ تاماشىلار بىلەن بولۇپتۇ. لېكىن پادىشاھنىڭ ئوي ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com


پىكرى قىزى بىلەن شاھزادىدە قاپتۇ. تىنىماي باشقىلاردىن قىزى بىلەن يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تۇرۇپتۇ. تۈينىڭ ئالتىنچى كۈنىگىچە قىز يۈزىدىن چۈمبەلنى ئالماي، تامغا قاراپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. باشقىلار ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، قوشاق توقۇپ ئولتۇرسا، قىز ئۆزىنىڭ سۆيگەن يارى بولغان شاھزادىنى ئويلاپ يىغلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى پادىشاھ ئاڭلاپ ئىنتايىن غەمگە چۆ-شۈپتۇ، يۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىر يەردە تۇرالماي قاپتۇ. تۈينىڭ ئاخىرقى كۈنى كۆپچىلىك بۇرۇنقىدەك يەنە ئۆز ئويۇن - تاماشى-سى بىلەن بولۇپ قالغاندا، شاھزادە مەلىكىگە ئۆزىنى ئاشكارا قى-لىشنى ئويلاپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىپ، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بوش ئاۋاز بىلەن ئېيتىپتۇ. مەلىكە باشتا ئىشەن-مەپتۇ، كېيىن چۈمبىلىنى ئاستا ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، دې-گەندەك ئۆزىنىڭ سۆيگەن يىگىتى ئىكەن. مەلىكە ئۆكۈرمۇ - چۇشۇرمۇ دەپ، خوشاللىقىدىن ئولتۇرالماي قاپتۇ. شاھزادە پادى-شاھنىڭ تۇيۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، مەلىكىنىڭ تاقەت قىلىپ ئولتۇرۇشىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپتۇ. شاھزادە پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، قىزغا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانداق قىلىپ كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:



— ئەتە پادىشاھ بىزنى يولغا سالىدۇ، ئەگەر بىز سىزنى ئالغىلى كەلگەن شاھزادىنىڭ يۇرتىغا بارىدى-

غان بولساق، ئىككىمىزلا تۈگىشىمىز. شۇڭا، قانداق قىلىپ بول-
مىسۇن قۇتۇلۇشقا تىرىشايلى. بۇنىڭ ئامالى قىچىش. قىچىش
ئۈچۈن ياغاچ ئات كېرەك. سىز ئەتە «دادام ياغاچ ئاتنى بەرمىسە
بارمايمەن» دەپ تۇرۇۋېلىڭ. دادىڭىز ھەر قانداق ئۇسۇل بىلەن
قورقۇتسىمۇ چىڭ تۇرۇڭ. سىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، ياغاچ ئات
قولغا كەلمىسە، بىزنىڭ ئايرىلغىنىمىز ئايرىلغان.

مەلىكە بۇ ئىشنى ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىپتۇ.

بۇ كۈنى توي بەك قىزىپتۇ، ھەممە كىشىنىڭ دىققىتى قىز
بىلەن يىگىتنىڭ مۇھەببىتىدە بوپتۇ، بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇشقا كەل-
گەن يەڭگە موماي بۇ ئەھۋالنى دەررۇ پادىشاھقا مەلۇم قىلىپتۇ،
بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. ئەتىگەندىلا ھەممە مېھمانلار شاھزادە بىلەن
مەلىكىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن تەييارلىنىپتۇ. شاھزادىنىڭ ئېتىنى
توقۇپ، مەپىلىرىنى قېتىپ تەييارلاپ بوپتۇ. ھەممىسى مەلىكى-
نىڭ چىقىشىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. لېكىن مەلىكە چىقماپتۇ. مېھ-
مانلار ھەيران بولۇشۇپتۇ. پادىشاھ مەلىكىنىڭ چىقماي تۇرۇۋې-
لىپ، مېھمانلارنى ساقلىتىپ قويغىنىغا بەك خاپا بوپتۇ. ئۇ بىر
كېنىزەكنى كىرگۈزۈپتۇ.



كېنىزەك چىقىپ پادىشاھقا:

— شاھىم، مەلىكەم
«دادام ياغاچ ئاتنى قوشۇپ
بەرمىسە بارمايمەن» دەيدۇ،
— دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پادىشاھ مېھمانلارنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئۈچۈن ياغاچ ئاتنى نائىلاج مەلىكىگە قوشۇپ بېرىپتۇ. داغدۇغا بىلەن قىز ـ يىگىتـ ـنى يولغا سېپتۇ.

ئۇلار بىر نەچچە كۈن يول مېڭىپ، مۆڭگۈزلۈك شاھزادىنىڭ يۇرتىغا يېقىنلىشىپتۇ، لېكىن قېچىشنىڭ پەيتىنى تاپالماپتۇ. ئەگەر ئوردىغا كىرىپلا قالسا چاتاق، شاھزادە يەنە مەلىكىگە:

ــ سىز ئوردىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئۆز قولۇم بىلەن يەتتە تەخسە تىللانى كۆپچىلىكنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ چاچمىسام ئوردىغا كىرمەيمەن دەڭ، ئۇلار نائىلاج تىلىكىڭىزنى قوبۇل قىلىدۇ. تىللانى ئېلىپ چىققاندا يەرگە چېچىڭ، ئاندىن ئوردىدىكى شاھزاـ دىدىن تارتىپ پۈتۈن ۋەزىر ئۆلىمالارغىچە چىقىپ تەرسۇن دەڭ. ئۇنىمۇ قىلماي ئىلاج يوق، ئۇلار تىللا بىلەنلا بولۇپ كەتكەندە، ياغاچ ئاتقا مىنىپ قاچىمىز، ــ دەپ گەپ ئۆگىتىپتۇ.

دەل ئوردا ئالدىغا كەلگەندە مەلىكە شاھزادىنىڭ دېگىنى بوـ يىچە تەلەپ قويۇپتۇ، ئوردىدىكىلەر نائىلاج ماقۇل بولۇپتۇ... ئۇلار تىللا تېرىش بىلەن بولۇپ كەتكەندە شاھزادە بىلەن مەلىكە ئاتقا مىنىپتۇ ـ دە، ئاسمانغا ئوقتەك ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ھېلىـ قى ئادەملەر بولسا ھەيران بولۇپ، ئاسمانغا قارىغىنىچە قاپتۇ ... شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىسى ساق ـ سالامەت شاھزادىنىڭ يۇرتىغا ئۇچۇپ كەپتۇ.



پادىشاھ ئوغلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن كېچە ـ كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ سەۋدايى بولۇپ قالغانىكەن. بۇنىڭ ھەممىسىنى ياغاچ ئات-نى ياسىغان ياغاچچىدىن كۆرۈپ، ئۇنى زىندانغا تاشلاپتۇ، ئاخىرى شەھەردىكى چوڭ دەرۋازىغا مىخلاپ قويماق بوپتۇ. شاھزادىنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن كۈنى ھېلىقى ياغاچچىنى دەرۋازىغا مىخلاش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان ۋاقىتقا توغرا كەپتۇ. شاھزادە كېلىپلا دادىسىدىن ياغاچچىنى سوراپتۇ، ئاندىن ياغاچ ئاتنىڭ خاسىيىتىد-نى، بۇ ئات بولمىسا نۇرغۇن يەرلەرنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، شۇ-نىڭدەك بۇنداق چىرايلىق، ئەقىللىق بىر مەلىكىگە ئىگە بولالماي-دىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئۇ يەنە ياغاچچىغا مۇكاپات بېرىش-نى تەلەپ قىلىپتۇ. دادىسى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ياغاچچىنى ناھەق جازالىغانلىقىغا بەك خىجىل بولۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىنئام بېرىپ ئازاد قىپتۇ. شاھزادە شۇ ھامان ياغاچچى بىلەن كۆرۈ-شۈپ، ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ، ھۈنىرىنى تېخىمۇ تاكا-مۇللاشتۇرۇشقا دەۋەت قىلىپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكىنىڭ تويى قىرىق كېچە ـ كۈندۈز داۋاملىشىپتۇ. پادىشاھ قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوغلىغا ئۆز تەختىنى ئۆتۈنۈپتۇ.



بۇ چۆچەكنىڭ ۋەقەلى-كى ئىنتايىن جىددىي، قىز-زىقارلىق بولغاچقا، بىلقۇت-جان ياغاچ ئاتقا مىنگەن شاھزادىنىڭ تەقدىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەنسىرەپ ئولتۇرغان ئىدى. ئاخىر شاھزادىنىڭ ئوڭۇشلۇق قوتۇ-لۇپ، يۇرتىغا ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن «ئۇھ...» دېدى.

مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ كۈلۈپ:

— ھوي بالام! ساڭا نېمە بولدى، ئولتۇرۇپلا قالدىڭغۇ، بىر نېمە دېمەمسەن! — دېدى.

بىلقۇتجان قىزارغان ھالدا كۈلۈپ:

— مەن نېمە دەيتتىم بوۋا، باياتىدىن بېرى مەن ياغاچ ئاتقا مىنگەن شاھزادىنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ-دىن ئەنسىرەپلا ئولتۇردۇم، — دېدى ناھايىتى تەسلىكتە، — ھې-لىمۇ ياخشى، ئۇ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدى...

مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنى يەنە نېمە دەيدىكىن، دېگەندەك قاراپ ئولتۇردى. بىلقۇتجان تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— بوۋا، مەن شۇنىڭغا ھەيران، شۇنىڭغا قارىغاندا كىشىلەر شۇ چاغلاردىلا ئاسمانلاردا پەرۋاز قىلىشنى، سۇلاردا ئۈزۈشنى ئار-زۇ قىلغانىكەندە؟! — دېدى.

بۇ گەپ مۆھتەرەم بوۋاينى بۆلەكچىلا روھلاندۇرۇۋەتتى.



— ۋاھ ـ ۋاھ، ئوماق قوزام! ئەمدى كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ، قېنى گې-پىڭنىڭ داۋامىنى سۆزلە! — دېدى بوۋاي.

— مەن بۇ چۆچەكنى

ئاڭلاپ، ــ دېدى بىلقۇتجان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ ئۇنىڭ-
دىكى تۆمۈرچى ياسىغان يۈز مىڭ تاغار ئاشلىقنى ئۈستىگە بېسىپ
دېڭىز - ئوكيانلاردا ئەركىن ئۈزىدىغان تۆمۈر بېلىقنى پاراخوتقا،
ئاسماندا ئۇچالايدىغان قاناتلىق ياغاچ ئاتنى ئايروپىلانغا ئوخشات-
قۇم كېلىپ قالدى...

مۆھتەرەم بوۋاي ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن مۇنداق چۈشەن-
دۈردى:

ــ دەرۋەقە، ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئاسماندا
پەرۋاز قىلىشنى، سۇلاردا ئۈزۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ۋە بۇ
ھەقتە ئاز بولمىغان ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان. دېمىسىمۇ،
تۆمۈرچى ياسىغان تۆمۈر بېلىقنىڭ يۈز مىڭ تاغار ئاشلىقنى بې-
سىپ سۇدا ئەركىن ئۈزۈشى، قاناتلىق ياغاچ ئاتنىڭ ئوك قۇلىقى-
نى بۇرىسا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى، سول قۇلىقىنى بۇرىسا پەسلەپ
يەرگە قونۇشى كۆز ئالدىمىزغا ناھايىتى ئىلغار بولغان چوڭ
پاراخوت ۋە ئىلغار ئايروپىلاننى كەلتۈرىدۇ. بۇ چۆچەكتىكى ئىل-
مىي پەن - تېخنىكىغا ئائىت تەپسىلاتلار بىلەن ۋەقەلىكنىڭ مۇ-
رەككەپ، قىزىقارلىقلىقى شۇنچىلىك جىپسىلاشقانكى، ئادەمنى



شۇنچە قىزىقتۇرىدۇ. شۇڭا،
سەنمۇ باياتىدىن بېرى تى-
نىقىڭ توختاپ قالغاندەك
جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ كەت-
تىڭ...

ــ بۇ ھەقىقەتەن قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ـزىقارلىق چۆچەك ئىكەن، ـــ دېدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىلقۇتجانغا:

ـــ ھەي قەدىرلىك بالام! مەن ساڭا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋە قىزىقارلىق چۆچەكلەردىن بىرنەچچىنى ئېيتىپ بەردىم. قالغانـلىرىنى ئۆزۈڭ ئوقۇپ، ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ كۆر. ماڭىمۇ ئېيتىپ بەر! ـــ دېدى.

ـــ ماقۇل بوۋا! ـــ دېدى بىلقۇتجان ئىنتائەتمەنلىك بىلەن.

ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپ بىرمۇنچە چۆچەكلەرنى ئوقۇدى.



# ھۈنەر پۈتمەس گۆھەر

بۇنىڭدىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغانىكەن، بۇ يۇرتنىڭ يېرى مۇنبەت، سۈيى مول، ھاۋاسى ساپ بولسىمۇ، قىش بىلەن يازنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ ئىكەن. يازلىقى پۈتۈن يۇرت جەننەت تۇسىگە كىرىپ ھەممە ياقتا خۇش پۇراق، رەڭگارەڭ گۈل ــ چېچەكلەر ئېچىلىپ، بۇلبۇل، قۇشلار يېقىملىق سايرىشىپ دىللارنى مەھلىيا قىلسا، قاراقىش كىرىشى بىلەن ئەتراپنى ئادەم بىلى بىلەن تەڭ ئايپاق قار قاپلاپ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىكەن.

ئەنە شۇ يۇرتتا ئىككى كىشى ئارىتام قوشنا بولۇپ ئۆتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى سودىگەر، يەنە بىرى ياغاچچى ئىكەن. سودىگەر سودا ــ سېتىق ئىشىدا بىرنى ئىككى قىلىپ، توققۇزى تەل، سۇنسا ھەممىگە قولى يەتكەچكە، ھېچنېمىدىن غەم قىلماي شاھانە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ياغاچچى ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ قەدىر ئەھۋال تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.



ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئۇزۇن يىللار جاتىرجەم ئۆتۈپتۇ. شۇ يىللاردا ياز كەپتۇ. سودىگەر يازنىڭ پەيزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۇرۇپ، ھايات گۈزەللىكىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئۆز ئىشىنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن ئۆيدىكى پۈتۈن مال ـ مۈلۈك، بىساتىنى دەسمايە قىلىپ، يىراق بىر ئاۋات يۇرتنى نىشانلاپ سودا ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئائىلىسىدىكىلەر، قولۇم ـ قوشنىلار سودىگەرگە ئاق يول تىلەپ قاپتۇ... سودىگەر يىرىم يولغا كەلگەندە بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپ، پۈتۈن مال ـ بىساتىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ...

سودىگەر بىر كۈنى ئامان قالغان بېشىنى ئېلىپ، قاش قارايغاندا، ئەل تىنچىغاندا ئاستا ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ. ئايال ئېرىنىڭ شەپىسىز كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر شۇملۇقنى سېزىپتۇ ـ دە، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. سودىگەر ئەلەم بىلەن:

ـــ ھەي، مېنى نەس باسقان ئوخشايدۇ، ـــ دەپ قاتتىق ھەسرەت چېكىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا باشقا گەپ ـ سۆز بولماي، يېپىق قازان يېپىق بويىچە قاپتۇ. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سودىگەرنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغانلىقى قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يېتىپ ئەل ـ يۇرتقا پۇر بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سودىگەرنىڭ چىرايى ئېچىلماي، كۆڭلى غەشلىككە تولۇپ، ئۆيىدىن تالاغىمۇ چىقماپتۇ.



ياز تۈگەپ، قىش كەپتۇ. بۇ قىش شۇنداق كەپتۇكى، قېلىن ياغقان قار يەر ـ جاھانى قاپلاپ، شىۋىرغان

هۇۋلاپ، جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بولۇپتۇ. ئوتۇن ـ كۆمۈرى بارلىرى مورىلىرىدىن تۈتۈن چىقىرىپ راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. سودىگەر ئائىلىسىنىڭ قىشقا ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغاچقا، يازدىن ئېشىپ قالغان ئازغىنە ئوتۇن ـ ياغاچنى قالاپ تۈگىتىپ، سوغۇق ئۆيدە دۈگدىيىپ، تىترەپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

بىر كۈنى شىۋىرغان توختاپ ھاۋا ئېچىلىپتۇ. سودىگەرنىڭ ئايالى دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىدا قولىنى ئىسسىتىپ ئولتۇرۇپ سىرتقا قارىغانىكەن، ئۆزلىرىنى نامرات چاغلايدىغان، بالىلىرى كۆپ ياغاچچى قوشنىسىنىڭ تۈرخۇنىدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان ئىسنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ خىيالىدىن: ئۇلارنىڭ شۇنچە سوغۇقتا بۇنداق بەھۇزۇر ئولتۇرۇشىدا بىر سىر بار... دېگەنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ ـ دە، ياغاچچى قوشنىسىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. دېگەندەك، ئۆينىڭ ئىچى ئىسسىق، راھەت ئىكەن، ياغاچچىنىڭ بالىلىرى مورىنى چۆرىدەپ غەمسىز ئولتۇرۇپ كۆمەچ يەۋاتقانىكەن، سودىگەرنىڭ ئايالى بۇنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ كېتىپتۇ. ياغاچچىنىڭ ئايالى ئۇنى تۆرگە ئۆتكۈزۈپ، كۆرپە سېلىپ، ئالدىغا داستىخان راسلاپ:



ــ غېرىب كۆلبىمىزگە مۇبارەك قەدەم بېسىپلا، ــ دەپ تەزىم ئېتىپ، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان سىنچاي بىلەن كۆمەچ قويۇپ، ــ لايىقلىرى بولمىسىمۇ تېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باقسىلا، — دەپتۇ. سودىگەرنىڭ ئايالى قىزىق چاينى ئىچىپ تىترەپ تۇرغان بەدىنى ئىلىلغاندىن كېيىن:

— ۋاي جېنىم قوشنام، شۇنچە سوغۇقتا ئوتۇن ـ ياغاچنىڭ غېمىنى قىلماي بەھۇزۇر ئولتۇرۇۋېتىپسىلەر، ئوتۇن ـ ياغاچنىڭ ئامالىنى قانداق قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپ، كاللىسىدىكى سىرنى يەشمەكچى بوپتۇ. ياغاچچىنىڭ ئايالى ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلماي، ئۇدۇل قىلىپ:

— ۋاي جېنىم قوشنام، سىلى بىلىلا، بالىلارنىڭ دادىسى ياغاچچى، ئۇ ياغاچنى ئاتلاپ تۇرۇپ، ياغاچنىڭ ئويمان، دۇشگە چومىقىغا بىگەن چاپىدۇ، كەكە ئۇرىدۇ. رەندە سالىدۇ، ھەممە كېرەكسىز ياغاچلار كەينىدىن چىقىدۇ. بىز شۇ نەرسىلەرنى قالاپ، قىشنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىمىز، — دەپتۇ.

سودىگەرنىڭ ئايالى ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىنىڭ سىرى دەل ھالال تەر ئاققۇزغانلىقتىن كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. ياغاچچىنىڭ ئايالىمۇ سودىگەرنىڭ ئايالىنىڭ نىمە مەقسەتتە «سىر» يەشمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ ـ دە:

— جېنىم قوشنام، كونىلاردا: «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دەپتىكەن. بىز قوشنا ئادەملەر بولغاندىكىن، نىمە كۆرسەك تەڭ كۆرىمىز، — دەپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن ئىككى قوشنا بارنى تەڭ كۆرۈپ

قىشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ. ياز يورۇپ يەرگە ئىسسىق ئۆتكەندە قىشنى ئامان ـ ئېسەن ئۆتكۈزگەن سودىگەر ئۆزىگە كۆپ ياردەم قىلغان قوشنىسىغا شاگىرتلىقتا كىرىپ، كۆڭۈل قويۇپ ھۈنەر ئۆگىنىپ، بىر يىلدىلا ئۇستا ياغاچچى بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سودىگەر ھۈنىرىگە تايىنىپ، ھېچ نەرسىگە قىسىلماي، خا ـ تىرجەم ياشاشقا باشلاپتۇ. سودىگەر بىلەن ئۇنىڭ ئايالى دائىم:

— ھۈنەر پۈتمەس گۆھەر ئىكەن، — دېيىشىدىكەن. مانا شۇ ـ نىڭدىن ئېتىبارەن خەلق ئارىسىغا: «ھۈنەر پۈتمەس گۆھەر» دېگەن ماقال تارالغانىكەن.

بىلقۇتجان چۆچەكنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، چوڭقۇر ئويلارغا چۆكۈپ بىر هازا ئولتۇرۇپ قالدى. دېمەك، ھەرقانداق ئىشنى تەر تۆكۈپ، مېھنەت سىڭدۈرۈپ قىلغاندا، ئۇنىڭ ھەقىقىي بەرىكىتى بولىدىكەن ئەمەسمۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ھەرقانداق ھۈنەرگە مېھنەت سىڭدۈرۈلىدىغان، تەر تۆكۈلىدىغان بولغاچقا ئە ـ نە شۇنداق بەرىكىتى بولىدىكەن. ھۈنەرنىڭ، ئىلىم ـ بىلىمنىڭ ھېكمىتىمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك...



بىلقۇتجان ئەتىسى مەكتەپكە بېرىپ، دەرس ئا ـ رىلىقىدا بۇ چۆچەكنى بىر ـ نەچچە ساۋاقدىشىغا سۆزلەپ بەردى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق تەسىراتقا كەلگەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سورىدى. ئەمما، ھېچقايسىسى بىلقۇتجان كۈتكەن جاۋابنى بېرەل-
مىدى. بۇنىڭدىن بىلقۇتجاننىڭ كۆڭلى غەش بولدى ۋە بۇ ئىشنى
بوۋىسىغا ئېيتىپ بەردى. بوۋىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق
دېدى:

— جېنىم بالام، ساۋاقداشلىرىڭنىڭ ھەممىسىنىڭ ماڭا
ئوخشاش چۆچەك سۆزلەپ بېرىدىغان بوۋىسى يوق، بۇ كەمچىلىك-
نى ئۇلاردىن كۆرۈشكە بولمايدۇ. سەن ئۇلارنى ئاستا - ئاستا
چۆچەك ئاڭلاشقا كۆندۈر، ئاندىن چۆچەك مەزمۇنىنى مۇلاھىزە
قىلىشقا يېتەكلە، شۇنداق قىلساڭ، بارا - بارا ئۇلارمۇ يېتىشىپ
قالىدۇ.

بىلقۇتجاننىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى.
بوۋىسىنىڭ سۆزلىرى توغرا ئىدى، ئۇ ساۋاقداشلىرىنى كۆڭلى-
دىكىدەك يېتەكلىيەلىسە، ھەقىقەتەن ئۇنۇمى يۇقىرى بولاتتى، بۇ-
نىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ چۆچەكنى بىلىشى بولمايتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ چۆچەك ئوقۇشقا كىرىشىپ كەت-
تى...



# قىرىق ھۈنەر ھۈنەر ئەمەس، ئەسلي ھۈنەر چويلىچىلىق

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا ئايدىن ئىسىملىك بىر چوڭ سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئايدىننىڭ سەيدىن ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ تولىمۇ ئەقىللىق، چېۋەر ئىكەن. ئايدىن دائىم: ئوغلۇم چوڭ بولسا ئۆزۈمگە ئوخشاش سودىگەر قىلىپ تەربىيەلەيمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن كارۋانلىرىم بىلەن قايسى شەھەرگە بارسام، ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىپ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا پىشۇرىمەن، دەپ ئويلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك بىلەن كارۋان تارتىپ، ئوغلىنى بىللە ئېلىپ باشقا بىر شەھەرگە سودىغا بېرىپتۇ. بۇ شەھەردە ئۇلارنىڭ سودىسى ئوبدان يۈرۈشۈپ قالغاچقا، بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ كۈنلەردە سەيدىن چۈشتىن بۇرۇن ئاتىسى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلسا، چۈشتىن كېيىن سارايىۋەن-



uyghurkitap.com



نىڭ ئوغلى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى دەريا بويىغا بېرىپ سۇغا
چۆمۈلۈپ ئويناپتۇ. ئۇ دەريا بويى قومۇشلۇق ۋە سۆگەتلىك بو-
لۇپ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ چوڭىدىن ـ كىچىككىچە ھەممى-
سى دىگۈدەك چويلا ـ بورا توقۇش بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن.

سەيدىن سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناپ يۈرۈپ بۇ يەردىكى ئۆزى بى-
لەن تەڭتۇش باللارنىڭ سۆگەت چىۋىقلىرىدىن چىرايلىق چويلا
توقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: شۇ باللار قىلغان ئىشنى مەن نېمىشقا
قىلالمايمەن، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىۋېلىشنى
كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن
چويلىچى باللارنىڭ قېشىغا بېرىپ چويلا توقۇشنى ئۆگىنىپتۇ.

ئايدىن بۇ شەھەرگە ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى سېتىپ تۈ-
گەتكەندىن كېيىن ئۆزىگە كېرەكلىك ماللارنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا
قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يەتتە كۈن يول يۈرۈپ، بىر
قونالغۇغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. شۇ كېچىسى بۇ قونالغۇغا قاراقچىلار
كېلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىپتۇ. ئايدىن بىلەن سەيدىن يېقىن
ئەتراپتىكى بىر ئورمانلىققا قېچىپ بېرىپ ئامان قاپتۇ. لېكىن،
قاراقچىلار ئۇلارنىڭ ھېچ نەرسىسىنى قويماي بۇلاپ كېتىپتۇ.
ئايدىن جېنى ئامان قالغانغا
خۇش بولماي، مال ـ مۈل-
كىدىن ئايرىلىپ قالغانلى-
قىغا قايغۇرۇپ:



— ئاھ خۇدا، مېنى
بارلىق ۋەسلىمدىن ئايرى-



دىڭغۇ، مېنى بۇنداق قاتتىق جازالىغۇدەك مەن نېمە گۇ- ناھ قىلغان بولغىيتتىم، مەن ئەمدى يېمەك - ئىچمەك- سىز، كىشىلەرگە خار بو- لۇپ، جەسىتىم چۆل - جە- زىرىلەردە نام - نىشانسىز قالىدىغان بولدى، — دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. سەيدىن ئاتىسىنىڭ ھالىغا قاراپ:

— ئاتا، جېنىمىزنىڭ ئامان قالغانلىقىغا شۈكۈر دەيلى، بۇ ئىشقا بۇنچە قايغۇرۇپ كېتىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى بول- غۇلۇق بولدى، ھەر قانچە قايغۇرساقمۇ ئەسلىگە كەلمەيدۇ، مەن سىزنى بېقىپ يۇرتقا تىنچ - ئامان ئېلىپ كېتەلەيمەن، — دەپ- تۇ. ئايدىن:

— ئوغلۇم، ئېيتقىنا، سەن مېنى قايسى ھۈنىرىڭگە تايىنىپ بېقىپ، يۇرتقا تىنچ - ئامان يەتكۈزەلەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. سەيدىن:



— ئاتا، سىزنىڭ خە- ۋىرىڭىز يوق، مەن سىز بى- لەن بىللە سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرۈپ، ھەر كۈنى بىر تەڭگە خەجلەپ، چويلا توقۇشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





ھازىر بىز تۇرغان بۇ ئور-
ماندا سۆگەت كۆپ ئىكەن.
سىز چىۋىق راسلاڭ، مەن
چويلا توقۇيمەن. بىز مۇ-
شۇنداق قىلىپ يېتەرلىك
چويلا توقۇپ، ئۆتەر يولد-
ىمىزدىكى يېزا -
قىشلاقلاردا چويلىنى ساتايلى، تاپقان پۇلغا يېمەكلىك ئالساق
كىشىلەرگە خار بولماي، تىنچ - ئامان ئۆز يۇرتىمىزغا بارالايمىز،
— دەپتۇ.

سەيدىنىڭ گەپلىرى ئايدىنغا ياغدەك يېقىپتۇ. ئايدىن ئوغ-
لىغا قاراپ:

— ئەقىلىڭ بار ئىكەن ئوغلۇم، مەن تاش سانىغۇچە سەن قۇم
ساناپسەن، — دەپتۇ ۋە چىۋىق تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ. ئۇلار ئۈچ
كۈن ئىچىدە نۇرغۇن چويلا توقۇپ پۈتكۈزۈپتۇ. ئۇلار چويلىلارنى
يول بويى سېتىپ، يېمەك - ئىچمەككە ئىېرىشىپ، يۇرتىغا تىنچ -
ئامان يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈ-



شۈپ بولغان ئىشلارنى سۆز-
لەپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ كە-
چۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغان
چوڭ ياشلىق بىر مويسى-
پىت:

— قىرىق ھۈنەر ھۈنەر

ئەمەس، ئەسلىي ھۈنەر چويلىچىلىق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «قىرىق ھۈنەر ھۈنەر ئەمەس، ئەسلىي ھۈنەر چويلىچىلىق» دېگەن ماقال ئايدىن بىلەن سەيدىنىڭ شۇ كەچۈرمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە كەلگەنىكەن.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكنى ئاڭلىغاندىن كېيىن باشقىچىلا ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— بوۋا - بوۋا، مەن بۇ چۆچەكتىن ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى ھېس قىلىپ يەتتىم! — دېدى ئۇ ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ.

— ئېيتە، زادى نېمىلەرنى ھېس قىلىپ يەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى مۆھتەرەم بوۋاي.

— مېنىڭ ئالدى بىلەن ھېس قىلغىنىم شۇكى، مەيلى قانداقلا ھۈنەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھامان بىر كۈنى كىشىگە ئەسقاتىدىكەن. يۇقىرىقى چۆچەكتە باي سودىگەر سودا قىلىپ پۇل تېپىشتىن باشقىنى ئويلىمايدۇ، بالىسىنىمۇ سودىغا پىشۇرۇشنىلا ئويلايدۇ. ئەمما ئوغلى سۇغا چۆمۈلۈش جەريانىدا چويلا توقۇشنى ئۆگىنىۋالىدۇ ۋە ئاخىردا قاراقچىلارغا ئۇچراپ ئەسلى - ۋەسلىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، مانا مۇشۇ چويلىچىلىق ھۈنىرىگە تايىنىپ ھاياتىنى ساقلاپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قالدۇ ۋە يۇرتىغا ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارالايدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ـ غا قارىغاندا ھۈنەر ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك ئىكەن.

ــ ئېيتقىنىڭ توغرا، بالام! ــ دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ئە ـ قىللىق نەۋرىسىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، ــ چوپلىچىلىق ئا ـ دەتتە ھۈنەرلەر قاتارىدا سانالمايدۇ، ئەمما تېگىدىن ئېيتقاندا ئۇمۇ ھۈنەر، شۇڭا ئۇ ئۆز خاسىيىتى بىلەن كىشىگە ھەرقاچان ئەسقا ـ تىدۇ. شۇڭا، ھۈنەرنىڭ بەزىسى ئېسىل ھۈنەر، يەنە بەزىسىنى پەس ھۈنەر دېگىلى بولمايدۇ، ھۈنەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس قىم ـ مەتكە ئىگىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر كىشى بۇ ئۆز ئۆمرىدە بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى تولىمۇ زۆرۈر.

ــ چۈشەندىم، بوۋا!

ــ بۇنى چۈشىنىۋالغان بولساڭ، ئەمدى ساڭا ھۈنەرنىڭ يەنە قانداق خاسىيىتى بارلىقى ھەققىدە بىر قىسقا چۆچەك ئېيتىپ بېرەي، دىققەت قىلىپ ئاڭلا!



# ھۇنەرنىڭ خاسىيىتى

قەدىمكى زاماندا سەمەت ئىسىملىك بىر كىشى چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. جاللات ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن سەمەتنى دار ئالدىغا ئېلىپ كېتىۋاتسا، سەمەت ھەدەپ: «ۋاي ئىست، ۋاي ئىست!» دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ. جاللات بۇ گەپنى ئاڭلاپ: بۇ گۇناھكارنىڭ ھاياتلارغا قالدۇرۇپ كېتىدىغان بىرەر ھېكمىتى بولسا كېرەك، بۇنىڭدىن بىرەر ئېغىز گەپ سوراپ بېقىپ ئاندىن ئۆلتۈرسەكمۇ كېچىكمەس، دەپ ئويلاپ، سەمەتنى دار ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ، پادىشاھ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ.

پادىشاھ گۇناھكارنى ياندۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. جاللات سەمەتنى پادىشاھ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ سەمەتتىن:

— سەن نېمە ئۈچۈن ئۆلۈم ئالدىدا «ۋاي ئىست!» دەپ پەرياد ئۇرىسەن؟ ياكى جازاغا قايىل ئەمەسمۇسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.



— ئى پادىشاھى ئالەم! — دەپتۇ سەمەت، — مەن جازاغا نارازى ئەمەسمەن. ئۆلۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇمگە ھەسرەت چەكمەيمەن. «ۋاي ئىسست!» دەپ ھەسرەت چېكد-
شىمدىكى سەۋەب مۇنداق: ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ تا ھازىر-
غىچە قاسساپلار ئۆچكە سويغاندا گۆشنى قىل قىلىۋېتەتتى. مەن
ئۆچكىنى سويغاندا قىل قىلماي پاكىز سويۇشنى كەشىپ قىلغا-
نىدىم، لېكىن مەن بۇ ھۈنەرنى تېخى بىرىگە ئۆگەتمىگەن ئىدىم.
ئەمدى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندىم، مەن دار ئالدىغا كېتىۋېتىپ
ئىچىمدە: مەن بۇ ھۈنىرىمنى بىرىگە ئۆگىتىپ قويسام بولغاند-
كەن. مەن ئۆلسەم بۇ ھۈنەر مەن بىلەن كېتىدۇ. قاسساپلار يەنە
ئۆچكە گۆشنى قىل قىلىۋېتىدۇ، دەپ ئويلاپ «ۋاي ئىسست!» دې-
گەنىدىم.

— شۇ ھۈنىرىڭ راستمۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— راست، — دەپتۇ سەمەت.

— ئوردىنىڭ قاسسىپىمۇ ئۆچكە سويغاندا گۆشنى قىل قى-
لىۋېتەتتى. مۇشۇ ھۈنىرىڭ ئۈچۈن مەن سېنىڭ گۇناھىڭنى كە-
چۈردۈم، سەن مۇشۇ ھۈنىرىڭنى ئالدىمدا نامايان قىل، — دەپتۇ
پادىشاھ.

جاللات چىقىپ جازا مەيدانىدىكى خەلقنى تارقىلىشقا بۇيۇ-
رۇپ، دارنىڭ تاسمىسىنى
يېشىپتۇ. توپ ئىچىدىن بى-
رى جاللاتتىن سوراپتۇ:



— گۇناھكارنى نېمىش-
قا دارغا ئاسمايسىلەر؟

— ئاسمايدىغان بول-

دۇق، — دەپتۇ جاللات.

— نېمە سەۋەبتىن؟

— نېمە سەۋەبتىن بولاتتى! ھۈنەرنىڭ خاسىيىتىدىن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جاللات.

بىلقۇتجان چۆچەكنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدى. بۇ چۆچەك شۇنچە قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. بىلقۇتجان بۇنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، بوۋىسىغا:

— بوۋا، بۇ ئاز ھەم ساز چۆچەك ئىكەن، — دېدى جۇشقۇنلۇق بىلەن، — ھۈنەر ھەتتا ئادەمنى ئۆلۈم گىردابىدىنمۇ قۇتقۇزۇپ قالىدىكەن ـ دە؟

— شۇنداق، جېنىم بالام! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — ھۈنەرنىڭ ئادەمنى تۇرمۇش جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈش، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە ئېرىشتۈرۈشتەك خاسىيىتىدىن باشقا، يەنە ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتقۇزۇپ چىقالايدىغان خاسىيىتىمۇ بار. يۇقىرىقى چۆچەكتە ناھايىتى ئېغىر بىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بىر قاسساپ دارغا ئېسىشقا بۇيرۇلىدۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆچكە سويۇشتىكى ئالاھىدە ماھارىتى بارلىقى بىلەن يەنىلا ئۆلۈمدىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇتۇلۇپ قالدۇ ۋە ئۆز ھۈنىرىنى تارقىتىش ئىمكانىيىتىگە ئې-رىشىدۇ. بىز ياش چاغلاردا جەمئىيەت بەزىدە ناھايىتى قالايمىقان-لىشىپ كەتكەن چاغلار بولغان ئىدى. نۇرغۇن ھۈنەرۋەنلەر، بى-لىملىك كىشىلەر تۈرمىلەرگە قامالدى. ئەمما، شۇنىسى ئاجايىپ-كى، ھۈنىرى بارلار، زىيالىيلار تۈرمىلەردىمۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېپىپ، ھۈنىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەنىلا باشقىلاردىن ياخشىراق ياشىغان ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھۈنەر مەيلى قانداقلا جايدا بولمىسۇن ئادەمگە ئەسقاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چو-قۇم ھۈنەر ئۆگىنىش، ئىلىم ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، كى-شىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەندىلا، بۇ جا-ھاندا خاتىرجەم ۋە بەختلىك ياشىغىلى بولىدۇ.

بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ ئورۇنلۇق گەپلىرىنى ئاڭلاپ، قايىل-لىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— جېنىم بالام! مانا مۇشۇ قىزغىنلىقىمدا، ساڭا يەنە بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرەي! — دېدى بوۋاي ۋە چۆچىكىنى باشلاپ كەتتى.



# ئالتۇن ۋە قەلەم

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاينىڭ ئەھەد، ئەزىز ئىسىملىك ئىك-كى ئوغلى بار ئىكەن.

بوۋاي چوڭ ئوغلىنى ئوقۇشقا بەرگەندە مەكتەپتىن قېچىپ ئوقۇماپتۇ. كىچىك ئوغلى ئەزىز مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئو-قۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ بارلىق مال - دۇنيالىرىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ ئوغۇللىرىغا: «مەن ئۆ-لۈپ كەتسەم مۇشۇ ئالتۇننى تەڭ بۆلۈشىۋېلىڭلار» دەپتۇ - دە، كۆز يۇمۇپتۇ.

ئۇلار دادىسىنى يەرلىككە قويغاندىن كېيىن ئەھەد:

— ئۇكام، مەن ئالتۇننى بازارغا ئاپىرىپ تەپمۇتەڭ ئىككىگە بۆلدۈرۈپ كېلەي، — دەپ ئالتۇننى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كې-تىپتۇ.

ئەزىز ئۆيدە قەلەمنى قولىغا ئېلىپ دادىسىنى ئەسلەپ شې-ئىر يېزىشقا باشلاپتۇ. كەچ بوپتۇ، ئەھەد كەلمەپتۇ. ئەسلى ئۇ ئالتۇننى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنىكەن.

دادىسى ۋە ئاكىسىدىن ئايرىلغان ئەزىز پۈتۈن زېھنىنى خەت-كە بېرىپ، ئاجايىپ ئۇستا خەتتات بولۇپ چىقىپتۇ. شۇ كۈنلەردە پادىشاھقا بىر خەتتات لازىم بولۇپ قېلىپ، پادىشاھ بۇ ئىشقا ئە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زىنىنى لايىق كۆرۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ بىر شەھەردە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن يولغا چىققاندا، ئەزىزنى بىللە ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئۇلار شەھەرنى تاماشا قىلىۋاتسا، بىر بالا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك نالە قىلىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقۇدەك، بۇنى كۆرگەن ئەزىزنىڭ يۈرىكى سىيرىلىپ ھېلىقى تىلەمچىگە يېنىدىن بىر تىللانى ئېلىپ سۇنۇپتۇ. تىلەمچى بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپتىكەن، ئەزىز ئۆز ئاكىسى ئەھەدنى تونۇپتۇ. ئەمما ئەھەد شاھانە تون ـ سەرپاي بىلەن سالاپەتلىك تۇرغان ئۇكىسىنى تونۇماپتۇ، ئەزىز ئاكىسىنى ئۆزى چۈشكەن سارايغا ئېلىپ بېرىپ تونۇشلۇق بې-رىپتۇ. ئەھەد ئۇنى تونۇغاندىن كېيىن، ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

— ئۇكام، — دەپتۇ ئەھەد قاتتىق ھەسرەتلىنىپ، — ئالتۇن دېگەنمۇ تۈگەيدىكەن، بىلىم ۋە ھۈنەر تۈگىمەيدىغان بايلىق ئى-كەن، — دەپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ قىسقا چۆچەكتە ئىلىم ۋە ھۈنەرنىڭ پۇل ۋە بايلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنغانلىقىنى، ئوقۇغان ھامان يۈرەككە شۇ ھامان تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى.

بىلقۇتجاننىڭ چۆچەككە بولغان تەشنالىقى بارغانچە ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. مۆھتەرەم بوۋاي ئۇلاپلا يەنە بىر چۆچەكنى باشلىۋەتتى.

# ئالتۇننىڭ تەسىرىدە

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، يېتىم بولۇڭدا، خەلق زۇلۇمدا، ئاقچىنىڭ بارچىسى خەزىنىدىكى تۇلۇمدا ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بەكمۇ زالىم ئىكەن. ئۇ ھەددىدىن زىيادە ئالۋاڭ ـ سېلىق سېلىپ، خەلقنى قاقشىتىدىكەن. پادىشاھقا دېھقان ۋە ھۈنەرۋەنلەر بەكمۇ ئۆچ ئىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ زەر، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، ياقۇت بىلەن زىننەتلەنگەن ئېسىل تون كىيىپ بىر ساتىراشخانىغا كىرىپ كەپتۇ.

پادىشاھ يېشىنىپ كۆرسىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ساتىراش ئەدەپ بىلەن كېلىپ پادىشاھنىڭ چېچىنى ئاپتۇ، ساقال ـ بۇرۇتىنى ياساۋېتىپ ساتىراشنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش كەپتۇ. ئۇ تۇيۇقسىزلا پادىشاھنىڭ ساقىلىنى خۇددى ئۆچكىنىڭ ساقىلىنى تۇتقاندەك تۇتۇۋېلىپ، قولىدىكى ئۇستىرىنى پادىشاھنىڭ كانىيىغا تەگكۈزۈپ:

ــ ھىم، مانا مۇشۇنداق بىر سۈرسەم، جانابىلىرىنىڭ ئىشى تامام بولىدۇ، ــ دەپتۇ.

ــ ھاي ـ ھاي! ئۇنداق بىمەنە گەپ قىلما، ــ دەپتۇ پادىشاھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالىيسپ.

ساتىراش پادىشاھنىڭ ساقىلىنى تېخىمۇ يۇقىرىغا قايرىپ تارتىپ، بويىنىنى بىر غېرىچ سوزۇپ، ئۇستىرىنى بوغۇزىغا تەگكۈزۈپ:

ــ مانا، مۇشۇنداق قىلىپ بىرلا تارتىمەن، ئىش تامام، ۋەسسالام! ــ دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ پۇت ـ قولى لاغىلداپ تىترەپ، كۆزلىرى چاندىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپتۇ.

ــ ھاي ـ ھاي...! بۇ پەيلىڭدىن يان، نېمە خالىساڭ شۇنى قىلاي، ساڭا خەزىنەمنى ئېچىپ بېرەي، نېمە لازىم بولسا ئالغىن. مېنى ئۇنداق قىلما... ــ دەپتۇ پادىشاھ.

ــ خوش تەقسىر، «جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرىمەن» دەپ خەلقنى قورقۇتقانلىرى شۇمىدى؟ خەلقنى سەلتەنەتلىرى ئالدىدا تىترەتكەن جانابلىرى ئەجەب مېنىڭ ئالدىمدا لاغىلداپ تىترەپ كەتلىغۇ؟ ــ دەپتۇ ساتىراش پادىشاھنىڭ ساقىلىنى تېخىمۇ چىڭ قاماللاپ.

ــ جىنىم ئۇستام، ــ دەپتۇ پادىشاھ تىترەك ئاۋازدا، ــ زەر بېرەي، ئۇنداق قىلما...!

ــ زەر ئالمايمەن، قان ئالىمەن! ــ دەپتۇ ساتىراش.

ــ ھاي. مەن ساڭا زەر بېرەي، زەر!

ــ ياق، زەر ئالمايمەن، قان ئالىمەن، قان...! زەر دېگەن قولۇمدىكى ئۇستىرا...

ــ سادىغاڭ كېتەي قېرىنداش، زەر بېرەي، بىر قوشۇق قې-

ىنىمدىن كەچ!

— مەن زەر ئۇچۇن قىنىڭدىن كەچمەيمەن، ئەگەر ھەر قاـ چان، ھەرزامان ماڭا بويسۇنىدىغان پادىشاھ بولساڭ ئاندىن كېچىدـ مەن.

پادىشاھ ئويلانماستىن ۋارقىراپتۇ:

— بويسۇناي، ئەزىبىرايى خۇدا، بويسۇناي...!

ساتىراش بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ ساقىلىنى قويۇپ بېرىپتۇ. پادىشاھ كىيىملىرىنى ئوپۇل ـ توپۇل كىيىپ، چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئوردىسىغا بېرىپ تەختكە چىقىپتۇ ـ دە:

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ. جاللاتلار دەرھال پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھازىر بوپتۇ.

— ئوي بازاردىكى ساتىراش داۋۇت ھازىر كەلتۈرۈلۈپ دارغا ئېسىلسۇن ۋە تېنى پارچە ـ پارچە قىلىنىۋېتىلسۇن! — دەپتۇ پاـ دىشاھ.

ھايال ئۆتمەي جاللاتلار ساتىراشنى باغلاپ، پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي دار ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.

پادىشاھنىڭ خەزىنىسىنى باشقۇرىدىغان ھېكىم دېگەن كىشى ساتىراش داۋۇتنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىكەن. ئۇ دوستىنىڭ ئۆـ لۈمگە بۇيرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە:

— ئى كەرەملىك شاھىم، ساتىراش نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلدىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ ساتىراشخانىدا بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئۈچ ئالماقچى ئىكەنلىكىنى دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— شاھىم، — دەپتۇ ھېكىم، — ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىنى سوراپ بېقىپ، گۇناھىنى تونۇغاندىن كېيىن، ئاندىن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلساق قانداق؟

پادىشاھ ھېكىمنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلۇپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلاپتۇ:

— سەن ساتىراش بولغىلى قانچە يىل بولدى؟

— ئوتتۇز يىل.

— پادىشاھىمىزنىڭ چېچىنى قاچاندىن بېرى ئېلىۋاتىسەن؟

— ئون بەش يىلدىن بېرى.

— ئون بەش يىلدىن بېرى پادىشاھ بىلەن چاقچاق قىلىشقان-مىدىڭ؟

— ياق، ھەر دائىم ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى ئەدەپ بىلەن ئالاتتىم.

— بۇ قېتىم نېمىشقا ئەدەپسىزلىك قىلدىڭ؟

— يوقسۇ، ئەدەپتىن قىلچە چىقىپ كەتكىنىم يوق.

— شاھنى ئۇستىرا بىلەن بوغۇزلايمەن دەپ قورقۇتقانلىقىڭ ئەدەپسىزلىك بولمامدۇ؟

— يوقسۇ، مەندەك بىر ئاجىز قانداقمۇ ئۇنداق ئىشنى قىلىشقا پېتىناي؟ پېقىر ئۇنداق ئىشنى ئۆڭۈمدە تۇرماق، چۈشۈمدىمۇ قىلغىنىم يوق.

سوئال - سوراق ئەۋجىگە چىققاندا، پادىشاھ تاقەت قىلىپ تۇرالماي ۋارقىراپتۇ.

— كاززاپ! نامەرد ئىكەنسەن، ئۆلۈمدىن قورقۇپ يالغان

سۆزلەۋاتىسەن، ھۇ ھايۋان!
— ئۆمرۈمدە يالغان سۆزلەپ باقمىنىم يوق، — دەپتۇ ساتىراش، — بۇ گەپنى ئۆزلىرىدىن ئاڭلاپ قورقۇۋاتىمەن.
پادىشاھ بۇ گەپلەرنى «ماڭا تەنە قىلدى» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، دەرغەزەپ بولۇپ:
— جاللات! پەرماننى بەجا كەلتۈر! — دەپ ۋارقىراپتۇ.
— ئەي پادىشاھىم، سەۋر قىلغايلا، — دەپتۇ ھېكىم پادىشاھقا تەزىم قىلىپ، — مەن بىر ئىشنى سەزگەندەك قىلىۋاتىمەن، مەن ساتىراشتىن ئىككى ئېغىز گەپ سوراپ باقسام بولارمۇ؟
ھېكىم ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن كىشى بولغاچقا، پادىشاھ ئۇنىڭغا قول قويىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ.
— سەن پادىشاھنىڭ چېچىنى قەيەردە ئالغانىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېكىم ئاغىنىسىدىن چاندۇرماي.
ساتىراشمۇ چاندۇرماي جاۋاب بېرىپتۇ:
— ئۆز دۇكىنىمدا ئالغان.
— بۇرۇنمۇ پادىشاھىم دۇكىنىڭغا بارغانمىدى؟
— يوقسۇ، ئۆمرۈمدە پادىشاھنىڭ چېچىنى ئۆز دۇكىنىمدا ئالغىنىم بۇگۈنكى بىر قېتىم.
— سەن بۇ دۇكىنىڭدا قاچاندىن بېرى تۇرۇۋاتىسەن؟
— تېخى كېچە كۆچۈپ كەلگەندىم.
— مەسىلە روشەنلەشمەكتە، — دەپتۇ ھېكىم پادىشاھقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سالماقلىق بىلەن قاراپ، — جانابلىرى پېقىرغا بىرەر سائەت مۆھلەت بېرىپ، بىر نەچچە نۆكەر قوشۇپ بەرسىلە، مەن بىر ھېكمەتنىڭ سىرىنى ئاچقان بولاتتىم.

— قېنى، ھېكمىتىڭىزنى كۆرسەتكەيسىز، ئەگەر ۋاقىت ئۆ-تۈپ كەتسە، سىزنىڭمۇ بېشىڭىز ئۆلۈمدە، — دەپتۇ پادىشاھ.

ھېكىم ساتىراشنى زەنجىر كىشەندىن بوشىتىپتۇ ۋە ئون نەچچە نۆكەر بىلەن ساتىراشنىڭ دۇكىنىغا كەپتۇ، ئاندىن سا-تىراشقا قاراپ:

— سەن پادىشاھنىڭ چېچىنى قەيەردە تۇرۇپ ئالغان؟ — دەپ سوراپتۇ. ساتىراش پادىشاھنىڭ ئولتۇرغان يېرىنى ۋە ئۆزى تۇر-غان يەرنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ.

ھېكىم بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، نۆكەرلەرنى ساتىراش تۇرغان يەرنى كولاشنى بۇيرۇپتۇ. نۆكەرلەر يەرنى تىزغىچە كولاپ-تىكەن، يوغان بىر كۆپ چىقىپتۇ. ئۇلار كۆپنى پادىشاھنىڭ ئال-دىغا ئاپىرىپ ئاچقان ئىكەن. كۆپنىڭ ئىچىدىن لىق ئالتۇن چى-قىپتۇ. ئەسلىدە ھېكىم ئاغىنىسىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئويلاپ، پا-دىشاھ داۋۇتتىن سوراق سوراۋاتقان ۋاقىتتا، خەزىنىدىن ھېلىقى



كۆپنى ئېلىپ چىقىپ، سا-تىراشخانىغا كۆمۈپ قويغان ئىكەن.

پادىشاھ كۆپتىن ئالتۇن چىققانلىقىنى كۆرۈپ قەۋەت خۇشال بوپتۇ. ھېكىم پادى-

شاھقا قاراپ:

— مانا، بۇ كۈپتىكى ئالتۇن جانابلىرىنىڭ چىچىنى ئالغاندا ساتىراش دەسسەپ تۇرغان يەردىن چىقتى، بۇنىڭ ھېكمىتى شۇ-كى، بۇنداق بىر ئاددىي ساتىراشنىڭ ئۆزلىرىگە ئۇنداق ھەيۋە قىلىشى، ئۇ تۇرغان يەردىكى ئالتۇننىڭ تەسىرىدىن بولغان. دېمەك، جانابلىرى ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەمەرلەردىن ئاجراپ ئولتۇرغاندا، بۇ كۈپتىكى خىسلەتلىك ئالتۇن ساتىراشقا تەسىر قىلغانلىقتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بىلمەي قالغان. شۇڭا ساتىراش-نىڭ گۇناھىدىن كېچىپ، كىشىلەرنى ئەدەپتىن چىقىرىپ تاشلاي-دىغان بۇ ئالتۇننى خەزىنىگە ئېلىش كېرەك، — دەپتۇ.

پادىشاھ ھېكىمنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، مەمنۇن بوپتۇ ۋە ساتىراشنى قويۇپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاددىي بىر ساتىراش زالىم پادىشاھنى ئەخمەق قىپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكنى ئوقۇپ قانغۇچە ھۇزۇرلاندى ۋە سا-تىراشنىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ زالىم پادىشاھنى يەتكۈچە مەسخىرە قىلغانلىقىنى ۋە دوستىنىڭ ياردىمىدە ئوڭۇشلۇق قۇتۇلۇپ چىق-قانلىقىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاراملىق تىن ئېلىۋالدى. ئەمما ئۇ بۇ چۆچەكتە نېمىلەر بايان قىلىنغان؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپالماي خېلىلا قىينالدى. ئەتىسى ئويلىغانلىرىنى بوۋى-سىغا سۆزلەپ بېرىۋېدى، بوۋىسى كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى:

— بالام، ھەممە چۆچەكتىن مەنە تاپىمەن دەپ زىغىرلاپ يۈرسەڭمۇ قاملاشماس. بۇ چۆچەكتىن «ھەرقانچە كۈچلۈك ۋە قە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com


بىھ بولغان تەقدىردىمۇ، ئادەمنىڭ يەنىلا ئاجىزلىقى بولىدۇ» دې-
گەن مەنە چىقىدۇ. بەزى قىزىقارلىق، تەبىئىي توقۇلغان چۆچەك-
لەر ئادەمنى كۈلكىگە سالىدۇ، كىشىگە خۇشاللىق ۋە ئارام بې-
غىشلايدۇ...

بىلقۇتجان قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھۈنەر ئۆگىنىشتە بىرقاتار قائىدە - پىرىنسىپ ۋە ئۆرپ -
ئادەتلەر بار، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ئاخىردا، — ھازىر ساڭا
مانا مۇشۇنداق مەزمۇندىكى بىر چۆچەكنى ئېيتىپ بېرەي. قۇلاق
سال!



# ئۇستازنىڭ ھىيلىسى

قەدىمكى زاماندا بىر كىشى ئۇرۇشۇش، چېلىشىش ماھارىتى-
نى ئىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋايىغا يەتكەن ئاتاقلىق پالۋان ئىكەن. بۇ
كەسىپنىڭ 360 تۈرلۈك ئۇسۇلىنى مۇكەممەل بىلىدىكەن ۋە ھەر
كۈنى شۇ ماھارەتلىرىنى ئىشلىتىپ كىشىلەر بىلەن چېلىشىش
ۋە ئېلىشىشقا چۈشىدىكەن. ئۇ شاگىرتلىرىدىن بىرىگە بۇ كە-
سىپنىڭ 359 تۈرلۈك ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ، پەقەت بىر ئۇسۇلىنى
سىر ساقلاپ ئۆگەتمەپتۇ. شاگىرت كۈچ - قۇۋۋەتتە، كۆرەش
سەنئىتىدە يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولۇپتۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ بى-
لەن كۆرەشكە چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ مەغ-
رۇرلىنىپ، پادىشاھقا:

— يېشى چوڭ بولغىنى ۋە تەربىيە قىلغىنى ئۈچۈن ئۇستا-
زىم مەندىن ئۈستۈن. بولمىسا، كۈچ - قۇۋۋەتتە مەن ئۇنىڭدىن
كەم ئەمەس، — دەپ ماختى-
نىپتۇ.



ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى پا-
دىشاھقا ياقماپتۇ. بىر چوڭ
چېلىش مەيدانى ھازىرلاپ،
ئۇستاز بىلەن شاگىرتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چېلىشىشقا چۈشۈشنى بۇيرۇپتۇ. چېلىشىش مەيدانىغا پادىشاھ، ۋەزىرلەر، ئەمەلدارلار ۋە مەملىكەتتىكى مەشھۇر پالۋانلار كېلىپ-تۇ. چېلىش باشلىنىپتۇ، شاگىرت ئۇستازىغا خۇددى مەست پىل-دەك ھەيۋەت بىلەن روبىرو بولۇپتۇ. ئۇنىڭ غەيرىتى تاغنى جايى-دىن يۆتكىۋەتكۇدەك ئۈستۈن ئىكەن. ئۇستاز شاگىرتىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ ئۆزىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ، دەر-ھال شاگىرتىغا ئۆگەتمەي، سىر قىلىپ ساقلاپ قالغان ھۈنىرىنى ئىشلىتىپتۇ. شاگىرت بۇ ئۇسۇلغا تاقابىل تۇرۇشنى بىلمىگەنلى-كى ئۈچۈن، قارشى تۇرۇشتىن ئاجىز كېلىپتۇ. ئۇستاز شاگىرتى-نى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئايلاندۇرۇپ يەرگە ئۇرۇپتۇ. تاماشا كۆرگۈچىلەر تەھسىن - ئاپىرىن ياغدۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇستازغا نۇرغۇن مۇكاپاتلار ئىنئام قىلىپتۇ، شاگىرتقا: «ئۆزۈڭنى ئۇستا-زىڭدىن ئۈستۈن كۆردۈڭ» دەپ تەنە قىلىپتۇ.

— ئۇستازىم كۈچ - قۇۋۋەتتە مەندىن تۆۋەن ئىدى، پەقەت كۈرەش ئۇسۇللىرىدىن ماڭا ئۆگەتمەي ساقلاپ قالغىنىنى ئىشلى-تىپ غالىب كەلدى، — دەپتۇ شاگىرت.

— مانا شۇنداق كۈنلەر ئۈچۈن كۈرەش ئۇسۇللىرىدىن بىرى-نى ئۇنىڭغا ئۆگەتمەي سىر ساقلىغانىدىم، — دەپتۇ ئۇستازى.



بىلقۇتجان چۆچەك ئا-خىرلىشىشى بىلەنلا ھايا-

جانلىنىپ:

— بوۋا، قارىغاندا ھۈنەر ئۆگىنىشتىنمۇ ئۇستاز بولۇش تەس ئوخشايدۇ - ھە؟ — دېدى مەيۈس ئاھاڭدا.

مۆھتەرەم بوۋاي باش لىڭشىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— گېپىڭ توغرا، بالام! نەچچە يىل، ھەتتا ئون يىل كۆڭۈل قويۇپ، مېھرىنى بېرىپ تەربىيەلىگەن شاگىرتلار ئىچىدىن ئۇس-تازىغا پۈت ئاتىدىغان پەزىلەتسىز ناكەسلەرمۇ چىقىپ قالىدۇ. تەجرىبىلىك ئۇستازلار بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەممە ھۈ-نىرىنى ئۆگەتمەستىن، بىرەر ھۈنىرىنى ساقلاپ قالىدىغان ئادەت كېلىپ چىققان. ئەگەر ئەنە شۇنداق ناكەسلەر ئۆزىگە خىرىس قىلغاندا، يۇقىرىدىكى چۆچەكتە ئېيتىلغاندەك، ئۇلارنىڭ ھەيۋى-سىنى ئوڭۇشلۇق يەرگە ئۇرغىلى بولىدۇ. ھۈنەرۋەنچىلىكتە بۇ-نىڭدىن باشقا قائىدە - پرىنسىپلار نۇرغۇن، بۇ يەردە ھەممىسى-نى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. پەقەت سەن ھۈنەر ۋە ئىلىمنىڭ ھەم-مىدىن قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشىنىۋالغان بولساڭلا، مەن ساڭا شۇنچە نۇرغۇن چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنىمگە رازى بولغان بولاتتىم، جېنىم بالام!



بىلقۇتجان بوۋىسىغا چىق ۋەدىلەرنى بەردى، مۆھتەرەم بوۋاي بۇ ئامراق نەۋرىسىنى باغرىغا چىڭ باستى.

www.uyghurkitap.com

كىتاب ئىسمى: بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى
تۈزگۈچى: بىلقۇت شىركىتى
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار، يالقۇن روزى
مەسئۇل كوررېكتورى: قېيۇم تۇرسۇن
لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر تۇرسۇن، ئىلشات (خەتتات)، ئىلىيار (رەسسام) مەخمۇتجان (رەسسام)
نەشرىيات: شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسما زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
نەشرى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-900511-10-2
باھاسى: 240 يۈەن (جەمئىي 30 تۇر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)